# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

## ئىلمىي ژورنىلى



AltunOq

3

1984

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى

1984 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 16 - سان)



AltunOq

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

م . ا . ق

# مۇندەرىجە


ئەدەبىياتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى······ئابدىرۇسۇل راخمان 1

چېگرا شېئىرلىرى چەمەنزارلىقىدىكى ئاجايىپ بىر توپ گۈل ················لى ئېنشېڭ 7

ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا······يۇسۇپ تۇرسۇن 37

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى ········ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 57

ئىلمىنت ھىسابلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ··················· گەن جىجې 86

يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان ···

································································ ئابلىمىت ئىبراھىم 101

# ئەدەبىياتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى

ئابدۇرۇسۇل راخمان

ئەدەبىياتنىڭ نۆۋەتتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى زىچ بولۇپ، بۇلار ھەر قانداق ئىجتىمائى جەمىيەتتە بىر-بىرىدىن ئايرىلمىغان ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى بىلەن يېڭى خىزمەت قىلىش نىشانىسىمۇ مۇشۇنداق بولماقتا.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىمكى، ئەدەبىياتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى ئوخشاشلا ئۇنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ كونكرېت تەلەپ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشنى، ئۇلارنىڭ غايىسىنى، ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلىش توپ نىشانى قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەدەبىيات جەمىيەت ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ جەمىيەت ئىقتىسادىي بازىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي، ئىجتىمائى تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيەتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىۋىنى ۋە تارىخى تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىش، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.

مانا بۇ ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىدىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىنىڭ ھار-



AltunOq

سىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى ئەڭ يىغىنچاق ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلىشىدۇر .

پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولدى . شۇ قاتاردا ئەدەبىيات سەپىدىمۇ كىشى قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ يۈكسىلىشلەر، ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولغانلىقى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك . بولۇپمۇ كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى تۈپتىن ئازات بولۇپ، ئىجادىيەت يۆنىلىشى ئايدىڭلاشتى .

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن، ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىشانىسى ئېنىق بەلگىلەندى.

ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىلىرى لېنىن، ماۋزېدۇڭلارنىڭ ئەينى ۋاقىت، ئەينى شارائىتلاردا ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى كونكرېت نامايەندىسى . شۇڭلاشقا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىز يەنىلا لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغانلىقىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ : " بۇ مەسىلە ئەسلىدە ماركسىزمچىلار، بولۇپمۇ لېنىن تەرىپىدىن ئاللىقاچان ھەل قىلىنغان" لىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى . ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ھازىرقى باسقۇچتىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسە ئەمەس . بۇ مەسىلە بىزگە خېلى بۇرۇندىن تارتىپ پىششىق تونۇشلۇق.

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇستازلىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىنىپ تۈرلۈك سىناقلاردىن ئۆتۈپ زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ھەقىقىتىگە ئايلانغان شانلىق نەزەرىيىلىرىدە شۇ دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ ئۇنى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى كۆپ قېتىم تەكرار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى . ئالايلى، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى مەزگىلىدە ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئىشچىلار سىنىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلەشنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلغان ئىدى .

19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پرولېتارىياتنىڭ ھەقىقىي پىشقان سىناقلاردىن ئۆتكەن يازغۇچىلىرى بولمىغانلىقتىن ئۇ چاغلاردا پرولېتارىياتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ چىقمىدى . مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىلغار يازغۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن . 1884 - يىلى ئېنگېلس بۇ خىل ئۆزگىرىشنى قىزغىن مەدھىيىلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن : " يېقىنقى 10 يىل-

دىن بۇيان ھىكايىلارنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن تەلتۆكۈس ئىنقىلاپ مەيدانغا كەلدى. بۇرۇن مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە باش قەھرىمانىنىڭ ئورنىنى پادىشا ۋە شاھزادىلەر ئىگەللەيتتى، ھازىر بولسا كەمبەغەللەر ۋە مەھكۇملەنگەن سىنىپلار بولدى. نەسرى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىمۇ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، تەقدىرى، غەپلىتى بولدى.»

ئېنگېلس بەزى ئەينى ۋاقىتلاردىكى تۆۋەن قاتلام جەمئىيىتى يازغۇچىلىرىنى ماختاپ ئۇلارنى "شوبھىسىزكى — دەۋرنىڭ بايرىقى" دەپ ئاتىغان ئىدى. 1888 — يىلى ئېنگېلس يەنە ئۇششاق بورژۇئازىيە يازغۇچىسىنى "پەقەت ئىشچىلارنىڭ بەختسىزلىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش يېتەرلىك بولمايدۇ" دەپ تەنقىدلەپ ئەدەبىيات — سەنئەتنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ "ئىجابىي تەرەپلىرى"نى ئىپادىلەش كېرەك. ئۇلارنىڭ "ئىنقىلاۋى قارشىلىقى... رېئالىزم ساھەسىدە بىر ئورۇننى ئىگەللىشى كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئەدەبىياتنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى مەسىلىسى ماركس، ئېنگېلس ياشىغان دەۋرلەردىن باشلاپلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىغان.

19 — ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 — ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا تەرەققىيات تارىخىدا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى بىر يېڭى تارىخى دەۋرگە قەدەم قويدى. پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرت — شارائىتلىرىمۇ پىشىپ يېتىلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىنقىلاۋى كۈرەش پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى ئەدەبىيات — سەنئىتىنى بەرپا قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە يەنى 1905 — يىلى لېنىن «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن دەۋر بۆلگۈچ مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ ئۇنىڭدا ئەدەبىيات — سەنئەتنى "توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ سېمىزلىكتىن كۆتىرەلمەي قالغان" ئون مىڭلىغان ئېسىلزادىلەرگە خىزمەت قىلمايدۇ. بەلكى مەملىكەتنىڭ گۈلى، كۈچى، قۇۋۋىتى ۋە ئىستىقبالى بولغان مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلققە خىزمەت قىلىدۇ" دەپ تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى قەھرىمانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى يارىتىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇناسىپ ھالدا يۇقۇرى باھا بەردى. قىزغىن قوللىدى، مەدھىيىلىدى. مەسىلەن: لېنىن جاھانغا مەشھۇر «ئېنتېرناتسىئونال» شېئىرىنىڭ ئاپتورى ئېژېن پوتېيېرنى "پرولېتارىيات شائىرى"، "ناخشىنى قورال قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ تەشۋىقاتچى" دەپ مەدھىيىلىسە، ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىنىڭ «ئانا» رومانىنىڭ كۆپىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ: "ئىنتايىن ئۆز ۋاقتىدا يېزىلغان كىتاپ"، "نۇرغۇن ئىشچىلار بۇ كىتاپنى ئوقۇپ زور ھوزۇرلىنالايدۇ" دەپ مەدھىيىلىگەن.

دېمەك، ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنى بەلگىلەش، ھەل قىلىش مەسىلىسىدە مۇكەممەل، توغرا بولغان نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى مەسىلىسى ماركسىزم — لېنىنىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرسى.

يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزم — لېنىنىزم تەلىماتلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ ۋە ئۇنىڭ كونكېرىتنى مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى، بولۇپمۇ ماركسىزم — لېنىنىزمنى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بىر پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاۋى ئىشلىرىنىڭ بۈيۈك غەلىبىلەرگە ئېرىشىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغان ئەدەبىيات —

سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە» دېگەن ئەسەرىدە: " پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان جاپاكەش ئىشچى - دېخانلار ئاممىسىغا خىزمەت قىلىش ۋە پەيدىن - پەي شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلىنىش لازىم " دېگەن ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ماۋزېدۇڭ يەنە 1942 - يىلى « يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق » دا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ: " بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى - دېخانلار ئۈچۈن يارىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىشچى - دېخان-ئەسكەرلەر پايدىلىنىدۇ " دەپ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنى ئېنىق كۆرسەتتى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېلىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنمۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىۋى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەدەبىياتىمىزنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىگىنى كۆپ قېتىم تەكرار تەكىتلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ كونكرېتنى ۋەزىپىلىرى مۇشۇ يۆنىلىش ئاساسىدا بەلگىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ گۈللىنىش ئالتۇن دەۋرىگە كىردى. نەتىجىدە ئەدەبىياتىمىز مەيلى ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە بولسۇن مەيلى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە بولسۇن يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ تەرەققى قىلىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بىر قاتار تەجرىبە-ساۋاقلار شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئەدەبىياتىمىز يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغان مەزگىللەردە زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ئاردىلىقتا بىر مەھەل " سول " خاتا يۆنىلىشنىڭ، بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ " نىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىقى، قوچقۇۋېتىشى تۈپەيلىدىن ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەپ زىيانغا ئۇچرىدى.

" 4 كىشىلىك گۇرۇھ " يوقىتىلغاندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىگىدە ئەدەبىيات ئىشلىرىمىز ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەرەققىيات يولىنى تېپىپ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدىلا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەشنىڭ يۇقۇرى تەرەققىيات پەللىسىگە كۆتىرىلدى. بۇ مەسىلە بىزنىڭ ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن ئەدەبىياتنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدىن ئاينىپ كەتمىگەنلىگىمىزنىڭ بىر پاكىتىدۇر. بۇ ھەقتە يولداش دېڭ شياۋپىڭ: " بىز داۋاملىق تۈردە يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى - دېخان - ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش، چەتئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا ۋە قەدىمقىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز. سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم " دەپ كۆرسەتتى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ تەلىماتلىرىغا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ ۋە پرولېتارىيات داھىلىرىنىڭ ئىلگىرى نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىنى، خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنى، خىزمەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى روشەن يورۇتۇپ بەردى. شۇنىڭدەك ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى، لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان يۆنىلىشنىڭ بېيىتىلىشى ۋە بۈگۈنكى دەۋر رېئاللىقىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئىتىمىز يەنىلا خەلققە مەنسۇپ. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ياشاۋاتقان شارائىتى — سوتسىيالىزم دەۋر شارائىتى، ئۇلۇغۋار غايىنى قەلبىگە پۈككەن پاراسەتلىك خەلقىمىزنىڭ شۇغۇللانغىنى — سوتسىيالىزم ئىشلىرى — شۇڭا ئەدەبىيات — سەنئىتىمىزنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرى يۆنىلىشى، ماركسىزم — لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

ئوخشاشلا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ قارىغان ۋاقتىمىزدا ئومۇمەن ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرىمىز يەنىلا ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن نىشاننى بويلاپ ئۆزىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش يولىنى تاپتى، شەكلى خىلمۇ — خىللاشتى. ئەكس ئەتتۈرۈش مەزمۇنى بېيىدى، تېمىسى كېڭەيدى. كەڭ ئەدەبىيات خادىملىرىمىزمۇ جاپالىق ئىزدىنىپ، ھەر تەرەپلىمىلىك ئەجرىنى سىڭدۈرۈپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سانمۇ كۆپ، سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات — سەنئەت ئەسەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن مەيدانغا چىقاردى. بۇ ئەسەرلەردە ئېلىمىز خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم داغدام يولىنى بويلاپ ھەر ساھە خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە نەتىجىلىرى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ كۆرۈنەرلىك ئىشلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىپ خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى، سۈپەتلىك مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى. ئالىجاناپ خىسلەت بىلەن تولۇپ — تاشقان يۈكسەك ئىجاتچانلىق ماھارىتىگە ئىگە جۇشقۇن ئىنقىلاۋى غايە بىلەن روشەن ئىلمى پوزىتسىيە بىرلەشتۈرۈلگەن روھى نامايەندە قىلىندى. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە تارىخى تېمىلار تارىخى چىنلىق ئاساسىدا يورۇتۇلۇپ قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، قەدىمقى ۋە چەتئەل ئەدەبىيات — سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆگىنىشتە ئۈلگە يارىتىلدى. لېكىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ كىشىلەر قەلبىگە ياققان نەرسىلەرنى يارىتىپ ئۇلارنى چەكسىز خوشال قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولغان بىر پەيتتە قانداقتۇ بەزىلەر پارتىيە رەھبەرلىكىدىن گۇمانلاندى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن گۇمانلاندى. قانداقتۇر ئۇلار، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىمىز دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئىتىمىزنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىگە قارىتا باشقىچە غەرەزدە ئىش تۇتۇپ غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئېقىمىدىكى ئەدەبىيات يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ماركسىزم — لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىنى ئىنكار قىلىش كويىدا بولۇشتى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭدىن ئۆتۈپ كونكرېت ئەدەبىيات — سەنئەت ئىجادىيىتى داۋامىدا «ئۆزىنى ئىپادىلەش» كېرەك دىگەن ئېزىتقۇ شامىلىنى چىقىرىپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجتىمائى رولىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى يۆنىلىشىگە تۈپتىن قارىمۇ — قارشى بولغان ئەشۇنداق بۇلغۇنۇشلارنى ئەدەبى ئىجادىيەت مەيدانىغا سۆرەپ كىرىشتىكى مەقسىدى، ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىپ قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق ئەقىلغا سىغمايدىغان غەيرى ئەقىل ئىدىرەكنى، قۇرۇق شوھرەتپەرەسلىكنى تەرغىپ قىلىش، تۈرلۈك پەسكەش، چاكىنا نەرسىلەرنى بازارغا

سېلىپ، نەپسانىيەتچىلىكنى، فېئوداللىق خوراپاتچىلىقنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، نەزىرىيە جەھەتتىن مۇشۇنداق ئابستراكىت بۇرژۇئا «ئىنسانپەرۋەرلىك»، «ئادەمنىڭ قىممىتى» دەيدىغان نەرسىلەر بىلەن ئەدەبىيات ئىشلىرىمىز بۇلغىنىدىغان بولسا ھەقىقەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەتئىي ھالدا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى ئىدىيىدە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، مەنىۋى جەھەتتە چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان، روھىي جەھەتتىن چىرىتىدىغان، ھەتتا خەلق ئاممىسى ئالدىدا ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە گىرىپتار قىلىدىغان بۇلغىنىشلارنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلىشىمىز كېرەك.

يولداش ماۋزېدۇڭ دولىتىمىز قۇرۇلغان مەزگىلدە يازغان «جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى» دېگەن ماقالىسىدا «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش دولقۇنى مۇقەررەر بارلىققا كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ھامان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا قەدەم قويغان دولقۇنغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزدىمۇ تەرەققىي قىلىش باشلانغان ھازىرقى مەزگىلدە كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ تۈرتكىسى، سوتسىيالىستىك رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ خەلقنى كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلەتتە تەربىيىلەش، زامانىۋىلىشىشىمىزنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايەندە قىلىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى تونۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇلار مۇشۇ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنى، ئىدىيىۋى ھالىتىنى، پسىخولوگىيىسىنى ئۆگىنىشى، تۇرمۇشتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى، ئىجادىي باي ماتېرىياللار مەنبەسىنى قېزىپ چىقىش كېرەك.

ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، ئىجات قىلىش، ھازىرقى زامان تېمىسىدا ئەسەر يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا قېلىپبازلىق، شۇئارۋازلىق خاھىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ دەۋرىمىز يېڭى كىشىلىرىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقنى قوزغايدىغان، زامانداشلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتىدىكى بارلىققا كەلگەن يېڭى قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئانغا بېسىمىش روھىغا، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان، كىشىلەرگە خوشاللىق، گۈزەللىك، روھىي ئوزۇق بەخش ئېتەلەيدىغان ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىدىگە يېتەلەيمىز.

# چېگرا شېئىرلىرى چەمەنزارلىقىدىكى ئاجايىپ بىر تۈپ گۈل

—لىك شېنىنىڭ شىنجاڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

لى لىنشېڭ

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىزنىڭ شېئىرىيەت تارىخىدىكى گۈللەپ- ياشنىغان دەۋر. تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە كەڭ دائىرىلىكلىگى، ئۇسلۇبىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، ھەر تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بەسلىشىشى، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەنە شۇ خۇشپۇراق، چېچىپ تۇرىدىغان شېئىرى گۈلزارلىقتا، چېگرا شېئىرلىرى يازىدىغان ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مۇستەقىل، ئالاھىدە ئۇسلۇبى، كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىلىرى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

چېگرا شېئىرلىرى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان ئاپتورلار، بىپايان كەڭ، گۈزەل چېگرىدا جايلارنىڭ مەنزىرىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، چېگرا قورولىرىدىكى لەشكەرلەر ۋە سەركەردىلەرنىڭ قۇم، چاڭ-توزاڭلار ئارىسىدا جاپا-مۇشەققەت چېكىپ، ئەل ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان سەلتەنەتلىك ئىرادىسىنى، ھېچنېمىدىن قورقماس روھىنى، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ نومۇسنى ئاقلاشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈيلىدى، شۇنداقلا ئۇزۇنغا يۈرۈش جەريانىدىكى جاپا-مۇشەققەتكە تولغان سەپەرلەرنى، ئېچىنىشلىق جەڭ قىلىش جەريانى ۋە ئاتارلىق تەرەپلەردىكى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. چېگرا شېئىرلىرى، مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن ياكى بەدىئىلىك جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى. مانا شۇ رەڭگارەڭ، كۆز چېقىپ تۇرىدىغان شېئىر گۈلزارلىقى ئىچىدە، لىك شېنىنىڭ شىنجاڭدا يازغان شېئىر ئىجادىيىتى، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان بىر تۈپ، ئالاھىدە پۇراقلىق توزىماس غۇنچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا شېئىرلىرىنى تونۇش ۋە ئۆگىنىشتە، لىك شېنىنىڭ شىنجاڭدىكى شېئىرى ئىجادىيىتىنى ئۆگەنمەي ۋە تەتقىق قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

## تولۇپ- تاشقان ھېسسىيات بىلەن جەڭگاھلارنى كېزىپ يۈرۈپ، چوڭقۇر تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئىگە بولۇش

لىك شېن (715—770 يىللار) خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسى چوڭ ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەن. لېكىن دادىسى بالدۇر قازا قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ

ئائىلىسى غۇربەتچىلىكتە كۈن كۆچۈرگەن. لىلى شېرىن ياش ۋاقتىدا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يېڭيالىڭ دېگەن يېرىدە نام-نىشانسىز ياشىغان. تيەنباۋنىڭ 3-يىلى (مىلادىنىڭ 774-يىلى) جىنشىلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، لەشكىرى قوشۇن تەركىۋىدە كىچىگىرەك ئەمەلگە ئېرىشكەن. تيەنباۋنىڭ 8- يىلى ئەنشىدىكى 4 بازارنىڭ بېگى گاۋشيەنجىگە ئەگىشىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىگە كەلگەن ۋە كاتىپلىقا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەمەل تۇتقان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ دۆلەتكە تۆھپە كۆرسىتىش ئىرادىسى بىلەن لەشكىرى تۇرمۇش ئىچىدىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتماقچى بولغان. بىراق، چېگرا رايونغا كەلگەندىن كېيىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن چاڭئەنگە قايتىپ كەتكەن. تيەنباۋنىڭ 13- يىلى، ئىككىنچى قېتىم چېگرىغا بېرىپ شىمالى قەسىر تۇتۇق بېگى قارىمىقىدىكى يەشى بېگى فېن چاڭچىڭنىڭ بارگاھىدا مىرزا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ لۇنتەي دېگەن يېرىدە تۇرغان. ئۇ غەربىي دىياردا خىزمەت قىلغان 3 يىل ئىچىدە، پادىشالىق خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن چېگرا جايلاردىكى ھەممە يەرلەرنى ئارىلىغان. قارلىق تاغلار جىياۋخې (بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ شىمالى) لۇنتەي (بۈگۈنكى داۋانچىڭ، ئولانباي ئەتراپى)، تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىققان. چېگرا جايلارنىڭ مەنزىرىسى، يەرلىك ئۆرپ-ئادەت، ھەيۋەتلىك تاغ-دەريالار، لەشكەرلەرنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىقلار ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان يېزىقچىلىق خام ماتېرىيالى بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن راۋان، جانلىق ۋە داڭلىق شېئىرى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

ئەنلۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭى چىققاندىن كېيىن، ئۇ چېگرا جايدىن فىڭشيۇي دېگەن جايغا قايتىپ كەلگەن. شائىر دۇفۇ ۋە يەنە فاڭگۇەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئوڭ تەرەپنى تولۇقلىغۇچى دېگەن ئەمەلگە ئېرىشكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى دەيزۇڭ خان لى يۈي ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋاقىتتا يەنە بىر قېتىم چېگرىغا كەلگەن. دالىنىڭ 1- يىلى، دوفۇڭجيې بەگ بولغان چاغدا، لىڭ شېن جىياجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلىقىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ كېيىن يەنە ئەمىلىدىن قالدۇرۇلغان. 55 يېشىدا سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ دېگەن يېرىدە ئۆلگەن.

لىڭ شېن ياش ۋاقتىدا، كوتۇرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇن، ئىنتىلىشچان، دۆلەتكە تۆھپە يارىتىش ئىرادىسى چوڭ ئىدى. دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىش يولىدا ئۆزىنىڭ غەيرىتىگە ئىشەنگەنلىكتىن، قابىلىيەتسىز، نادان ۋە بىلىمسىز ئەمەلدارلارنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «دەريا ئۈستىدىكى باھار نەرىسى» دېگەن شېئىرىدا:

تا بۈگۈنگە كەلگىچە كوڭلۇمدىكى بولمىدى،
ئىشىكتىن چىقسام كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ ھېچنىمە.
كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ كۆردۈم ھەر خىل رەڭ،
ئاجىز ئەرلەر تەپتىدىن مەجبۇر بولدۇم كۆلكىگە.

دەپ يازغان. بۇ ئۆز-ئۆزىنى تۇتالماي نەرە تارتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قابىلىيىتى بارلارنى ئۈچرىتالمىغانلىقتەك قەلبىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «كۈمۈش تاغ شېغىللىقىدىكى غەربىي مەھكىمە» دېگەن شېئىرىدا يەنە:

ئەر كىشى ئوتتۇز يېشىدا بولمىسا پۇللۇق زەكى،
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشىدۇر تۇتقان قەلەم.

دەپ يازىدۇ. بۇ مىسرالار ئۇنىڭ نام ـ شۆھرەت ۋە بايلىققا ئىنتىلمىدىغانلىقىنى ئەكس ئەت ـ تۈرۈپ بېرىپلا قالماي، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى رىئاللىققا بولغان نارازىلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ۋە ئىنتىلىشچان شىجائىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ يەنە: سايىۋەندۇر سەركەردىلەر، سەردارلار،
بولار ئۇنى ئەيتسا چىن ئەر، يىگىت دەپ.
باستى غەدەم ئۆتتى ئوتتۇز يىللارمۇ،
كەتمەس ئەندى ئالتۇنلاردىن ۋايىم يەپ.

(«يۇيەمن قورۇلىدىكى گەي سەركەردىگە بېغىشلانغان» ناخشا)

دەپ يېزىپ ھورمىتىنى بىلدۇرسە،

شان- زەپەرنى جەڭ ئېتىدىن تاپارسەن،
چىن باتۇرنى ھەقىقى ئەر ئاتارسەن.

(«لى ياردەمچى تۆرەمنى يەنشى لەشكەر گاھىغا ئۇزىتىش»)

دەپ يېزىپ شان قۇچۇشنى، باتۇر بولۇشنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق ۋەتەننى قوغداش يولىدا شان-زەپەر قۇچۇشنى كۆزلەيدىغان ئېپتىخارلىق ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىلىگىدە، جاپا-مۇشەققەت- تىن قورقماي، رىيازەت چېكىشتىن قاچماي، نەچچە مىڭ يوللۇق مۇساپىلارنى بېسىپ، يۇرت، ئائىلى- سىدىن ئايرىلىپ چېگرا رايونغا كەلگەن ئىدى.

شائىر «مەھكىمە ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەن قېيىن دەرىخى تاللىرىنى لى شىۋۇغا تۇتۇش» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنى:

مېنى كوتۇرۇپ تىكمەڭلەر ئىگىز جايلارغا،
تىكىڭلار ئىزدەپ-سوراپ تاپار ياقلارغا.

دەپ يېزىپ قېيىن دەرىخىگە ئوخشاتسا، يەنە بەزىدە، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە جىڭۋى قۇشىغا ئوخشىتىپ مۇنداق يازىدۇ.

ئۆچلىگى قوزغالسا ماڭماققا تۇغۇلغاي ئىستىگى،
يېتىشمەي كۆچ-قۇۋۋەت قالسا باشقا چىقماسلەر ئىشى.

غەربىي تاغدىن تاپقىلى بولمىغاندا تاش، گىيا،
زادى مۇمكىن بولمىغاي چوڭقۇر قىيانىڭ تىنىشى.

(«جەڭگۈي»)

ئۇ، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتالايدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، «باشقىلار-نى ئەنسىگە ئۈزۈتۈش» دېگەن شېئىرىدا:

ئويلىسامۇ دۆلەت ۋە ئىلىمنى ئاز،
سۆيمىگەيمەن زادىلا مەنسەپ-ئەمەل.

دەپ يازسا، «لەشكىرى سەپەر ئۈستىدە يېزىلغان شېئىر-2» دېگەن شېئىرىدا:

ياشىسامۇ ئاددىي پۇخرا بولۇپ ئەبەدىي،
يۇرۇگۇمدە ساداقەتلىك، ۋاپا ساقلىنار.
ئىزدىمەيمەن زادى شەخسىي مەنپەئەت، غەرەز،
قوغلاشمايمەن سەلتەنەتنى، بولمايمەن بىكار.

دەپ يازىدۇ. ئەنلۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭىدىن كېيىن، شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا سادىر بولغان يۇرت-ماكانلارنىڭ خاراب بولۇشى، پۇخرالارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئەھۋالى ئۇنىڭ «لەشكىرى سەپەر ئۈستىدە يېزىلغان شېئىر-1» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئولىما-تالىپتا بار چارە-ئۇسۇلنىڭ بارچىسى،
بولمىغاچ يول، قالمىدى جارى قىلىشقا ھېچ ئامال.
ھەممە يەرگە قارىسام پارە ئىكەن ئادەم دىلى،
باش كۆتەرگەننىڭ كۆزى ياش، يىغلىشار ئەر ۋە ئايال.

ئۇ دۆلەتنىڭ ۋە پۇخرالارنىڭ غېمىنى يەپ، غەزەپلەنگىنىدىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە جاراڭلىشار نەيزە-قىلىچ،
رەستىلەردە چېپىشىپ چىل بۆرىلەر چۇقان سالار.
يېزا-كەنتلەر ئىچىدە قالماپتۇ ئادەملەر ھايات،
بوپتۇ قاخشال دەل-دەرەخ، مېۋىلىك بوستانلار.

يۇقۇرقى مىسرالىرى ئارقىلىق ھەر يىلى ئۈزلۈكسىز بولىۋەرگەن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى- ئاپەتنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ.

ئۆز، ئۆزىنىڭ باشتىلا لەشكىرى تەلىم ئېلىپ مەشىق قىلالىغىنىغا ۋە شۇ سەۋەپتىن ۋەتەنىنى قوغدىيالماي قالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ:

باشتا بىلگەندە ئىدىم، بۇنداق پاراكەندە چېغىن،
توختىمان قالار ئىدىم كىتاپ ئوقۇشتىن دەر مەھەل.
ئەندى پۇشمان، نە ئۈچۈن ئۆگەنمىدىم ئوقيا ئېتىش،
تەلۋە خولار شۇ بۈگۈن تاپماسىدى شەرقتە ئەجەل؟

دەپ يازىدۇ. يۇقۇرقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى نەقەدەر قىزغىن سۆيىدىغانلىغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ چاغدا ئارزۇ براغان بىلەن ئىمكانىيەت،شارائىت يار بەرمەيتتى. دەل شۇ چاغدا لى فامىلىلىكلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ خاراپلىشىۋاتقان ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئالتۇن-كۆمۈش يىغىپ، بايلىق توپلاش مەستانىلىغىغا چوكۇنۇپ كېتىپ، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپالىق چىرىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەمەلدارلار ئۆز-ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر-بىرىنى قولىلاپ ياكى چەتكە قېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھوقۇق، پايدا-مەنپەئەت تالىشىۋاتقانلىقتىن، ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتاغا باھا بېرىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغانغا، چولىسى يوق ئىدى. بۇنداق شارائىتتا جازالاش ياكى تەقدىرلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە سۆز بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لىڭشىن گەرچە «ھاردىم-تالدىم دېمەستىن رۇڭلار نەقاۋىنى يېرتسامەن»، «تازىلىساق خولارنىڭ چېچىپ يۈرگەن چېكىنى، سۈرسە ئەزىز زېمىندىن ئىللىق چىگرا شاملى» دېگەندەك ئىرادىسىنى ئىپادە قىلغىنى بىلەن، دۆلەتكە ئەجىر-تۆھپە يارىتىپ بېرىشتەك مۇقەددەس ئىستىگىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن شائىر قاتتىق غەزەپ بىلەن:

مەن ئوقۇپ بولغان تۈرلۈك سانى يوق خەت-كىتاپ،
نەچۈن كەلگەن بولاردىم رۇڭ ئاراسىغا شۇ تاپ؟
ئىككى مەرتەم خۇ قوشۇنى بولغىنىدا تار-مار،
ئوردا نېچۈن چاغلىدى جەڭ ئىچرە ئەجرىن ئاز ساناپ؟

(«شىمالى قەسىرىدىكى زۇڭ شۇ شىددىن قايرىلغاندا»)

كۆردىمىز قۇملۇق ئىچىدىن چىقىدۇ كۈن پاقىراپ،
كۆردىمىز قۇملۇق ئىچىگە پاتىدۇ كۈن قاستىلاپ.
مىلىك پۇشايمان، كەپتىمىز بۇ يەرگە ئونىنىڭ يول بېسىپ،
بەرمىدى ھېچكىم تېخى تۆھپە-ئەجرىمىزنى ساناپ.

(«خېتىنگچىنگدا كۈن پاتقاندا يېزىلغان شېئىر»)

دەپ يازىدۇ. شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئورنى پەسلىتىلگەن، چەتكە قېقىلغان بولىشىغا


Altun0q

قاردىكى چىدام ۋە غەيرەتتىن قالغىنى، بوشىشىپ، جىمىپ كەتكىنى يوق. ئۇ،«خوجۇ ئايىمىنىڭ غەربىي مۇنارىسىغا بېغىشلىما» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

بىلىمەن، ئەتە كۆنۈم قالارمەن چەتكە چىقىپ،
ئەمما بۇ سادىق يۈرەك سوقىدۇ جۇشقۇن تېپىپ.

شائىر ئۆلۈمىدىن بىر يىل ئىلگىرىمۇ يەنە مۇنداق يازغان ئىدى:

ئۈچ قېتىم يىگىتلىكىمدىن ئاقىرىپ كەتتى چېچىم،
بىر چىقىپ ئىشىكتىن كەچۈردۈم بەش قېتىم كۈز پەسلىنى.
دەخلىسىز ئىگەم-غوجامغا ئىشلىمەي ئۆتتى كۈن،
بىباھا ئۆمرۈم ئۆتۈپتۇ زادى ئاللاي دىمىنى.

(«مېھمانخانىدا، غەملىك كۈز پەسلىنىڭ ئىككى قېتىملىق بۇرۇنقى ساياھىتىنى ئەسلىتىشى»)

يۇقۇرقى مىسرالار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، شائىرنىڭ ھاياتقا بولغان پوزىتسىيىسى ئىزچىل تۇردە ئاكتىپ بولغان. شائىر، شۇ چاغلاردىكى نۇرغۇن قەلەمدار كىشىلەرگە ئوخشاش، تۈۋەن، كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تېنىمسىز ھاياتىدىن زېرىكىش، چارچاش ھىس قىلغانسىرى، پايدا مەنپەئەت قوغلىشىشنى ئىنكار قىلىشىمۇ كۈچلۈك بولغان. ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئەلگە تۆھپە-ئەجىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىنتىلىش روھى ئۇنىڭ كۆپ قىسىم شېئىرلىرىدا ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئاكتىپ، ئۈمىتۋار ۋە تەنپەرۋەرلىك ھىسسىياتىنىڭ ئۇرغۇشىغا كىشىلەرنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش، رىغبەتلەندۇرۇش، مەنىۋى ئوزۇق بېرىش كۈچىنى بېغىشلىشىغا تۈرتكە بولدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، شائىر ئەمەلدار تۆرە قاتلىمىدىن كېلىپ چىققانلىقى، فېئوداللىق ئەنئەنىۋى مۇنارخىيىگە ساداقەتمەن بولۇش ئىدىيىسىنىڭ بۇلغىشىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا جايلارنى ئېچىش ئۇرۇشىنىڭ ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر تونۇپ كىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تارىخنىڭ چەكلىمىسى ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشىنى قىيىنلاشتۇرغان.

لېڭشېن ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان.«لىڭشىننىڭ جياجۇ ئايىمىدا يازغان شېئىرلىرى» جەمئىي 7 جىلد بولۇپ، 389 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. «تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ھەممە شېئىرلار» ئىچىدە لىڭ شېن يازغانلىرى 4 جىلد بولۇپ 400 پارچە ئەتراپىدا شېئىر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ تېماتىك دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولسىمۇ، بۇ شېئىرلار ئىچىدە چېگرا جايلاردا يۈر-

گەندە يېزىلغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە شىنجاڭدا ئىجات قىلغان چېگرا شېئىرلىرى ئالاھىدە سالماقنى تۇرىدۇ، يەنى يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سۈپىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. مىڭ يىللار جەريانىدا تارقىلىپ ئوقۇلۇۋاتقان بىر نەچچە پارچە داڭلىق ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىدەۋ شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە يېزىلغان نادىر ئەسەرلەردۇر. «تاڭ سۇلالىسى شاھزادىلىرىنىڭ تەزكىرىسى» دىگەن كىتاپتا لىڭ شېن توغرىلىق سۆزلەپ: «لىڭ شېن ھېرىپ - چارچاشتىن باش تارتماي، ئىگەر ئۈستىدىن چۈشمەي، نەچچە ئون يىللارنى ئۆتكۈزگەن. سەپەر ۋە جۇدالىق ھىسسىياتىنى تويغىچە تارتقان. شەھەرلەرنى تەسلىم قىلىپ، قورغانلارنى ئالغان جەڭلەردە قاتناشمىغىنى يوق» دەپ يازىدۇ. ئۇزۇن يىللىق چېگرا جايلارنى كېزىپ يۈرۈش، ئۇنىڭ چېگرا جايلاردىكى جەڭ سەپەرلىرى جەريانىدىكى ھايات، چېگرا مەنزىرىسى، ھەيۋەتلىك تاغ - دەريا، بەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسۇل قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇش، چۈشىنىش ۋە كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. مانا بۇلار ئۇنىڭ چېگرا شېئىرلىرىنى ئىجات قىلىشتا مۇستەقىل يېڭى يول، يېڭى ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇ يالقۇنتاغ، تيانشاندىكى بۇلۇتلار، قارلار، چېكى يوق قۇم بارخانلىرى، پايانسىز چۆل جىزىرىلەر قاتارلىق چېگرا جايلار مەنزىرىلىرىنى سۈرەتلەپلا قالماي، جانلىق، تەسىرلىك قەلىمى بىلەن بىزگە چېگرا جايلارنىڭ يىپ - يېڭى ئۆرپ- ئادەتلىرىنىمۇ سىزىپ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان سەركەردە لەشكەرلەرنىڭ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان تىز پۈكمەس جەڭگىۋار روھىنى تولۇپ - تاشقان ھىسسىياتى بىلەن مەدھىيىلىگەن. لەشكىرى تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك، ئېچىنارلىق ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. مانا بۇلار ئارقىلىق مول، رەڭگا - رەڭ چېگرا جايلار تۇرمۇشىنى نامايەن قىلىپ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەدىئىي جەھەتتىن قايتىلىغان. شۇنى مۇقەملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، لىڭ شېن ئەگەر ئۇزاق ۋاقىتلار چېگرا جايلار تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ بىۋاستە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەشۇنچىلا ئۆچمەيدىغان ۋە توزىمايدىغان، كىشىلەرنى يۈرەك باغرىنى ھاياجانغا سالىدىغان چېگرا شېئىرلىرىنى ئىجات قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ، چېگرا تۇرمۇشىنىڭ پايانسىز كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن

چېگرا شېئىرلىرى خېلى بالدۇردىن تارتىپ بار بولۇپلا قالماستىن سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ شېئىرلار مەزمۇنى يىقىدىن ئېيتقاندا، بىر قەدەر ئاددىي ۋە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ شېئىرلار ياكى چېگرا جايلاردىكى سوغۇق، قاقاسلىقلارنى ئىپادىلەيتتى ياكى جەڭ ئۇرۇشلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەيتتى - دە، تەبىئى دائىرىسى تار رامكا ئىچىدە چەكلىنەتتى. بۇ شېئىرلار ياكى چېگرا جايلاردىكى ھاۋانىڭ بىر دەم ئىسسىق، بىر دەم سوغۇق بولىدىغانلى-

غەدەك ئۆزگەرىشچانلىقىنى بايان قىلالايتتى ياكى چېگرا جايلارنىڭ كەڭ، پايانسىز، ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى سۈرەتلەيتتى- دە، ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتىن ئىسسىق، سوغوق، ئېچىنىشلىق، رىيازەت··· قاتارلىق جەھەتلەردىكى بويۇنتۇرۇقتىن خالاس بولالمايتتى. بەزى شېئىرلار:

ئىچىۋالغىن يەنە بىر جام شاراپ ـ مەي،
بارساڭ غەرپكە يۈرىسەن ئىنسان كۆرمەي.
(ۋاڭ ۋى: «ۋى چىڭ كۇيى»دىن)

دەپ يازسا بەزى شېئىرلار:

كەن نەيلىرى ياڭرىسا تىغا كىلاشىباس مەجنۇنتال،
ئۆتمەس يۈيىمەن قورادىن باھاردىكى شوخ شامال.
(ۋاڭ جىخەن: «لياڭجو نەزمىسى» دىن)

دەپ يازاتتى. قىسقىسى سۈپەتلىك، بەدىئىلىكى يۇقۇرى چېگرا شېئىرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شائىر لىڭ شېنىنىڭ چوڭقۇر، مول تۇرمۇش تەسىراتلىرى ۋە تەجرىبىسى، ئۇ ئىجات قىلغان چېگرا شېئىرلىرى ئۇچۇن چەكسىز، بىپايان زېمىن يارىتىپ بەرگەن. ئىلغار تەرەققىپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇچۇن چوڭقۇر پىكىر ئېلىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئۇ يىغا ـ زارلار بىلەنلا تولغىيدىغان كونا مۇقاملارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بىر خىل يېڭى، ھاياتى كۈچكە ئىگە، كۈچلۈك، سۈزۈك ھېسسىياتنى سىڭدۈرۈپ چىقالىغان. ئەنە شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ چېگرا شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ ۋە نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلىرى تارىخنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىنىقىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان نادىر ئەسەر بولۇپ قالدى.

لىڭ شېنىنىڭ چېگرا شېئىرلىرى مەزمۇنى جەھەتتىن ناھايىتى مول، تېماتىك دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق بىز ئۆز ۋاقتىدىكى چېگرا جايلار تۇرمۇشىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ چىقالايمىز. ئىدىيىۋىلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەر مۇھىم ھېسابلىنىدۇ:

قورقمىدى لەشكەرۇ سەردار چېگرىنىڭ جاپاسىدىن،
بار شىجائەت سۈردى چاڭنى چېگرىنىڭ ئاسمانىدىن.

لىڭ شېن يازغان نۇرغۇن چېگرا شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە چېگرا قورۇللىرىدىكى سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، باتۇرلۇق، پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك ھەركەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. بۇ شېئىرلار كەڭ ـ كۇشادە تەسىرات، ھاياجانلىق ھېسسىيات بىلەن ئەشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ياڭراق ناخشىسىنى ياڭراتقان.

ئۇ «لۇڭشەندىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈش سەپىرى ئۈستىدە تۇتقاۋۇل يۈزلىنىگە تەقدىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ.

بۇ سەپەر كېلەر تۈمەن يول ھەممىسى خانلىق ئىشى،
ھەممىمىز تەنھا يېگانە، ئۆزگە يوق ھېچ مۇددىئا.
بىلمىمىز چىگرادا كۈتمەكتە ھىساپسىز مۇشكۈلات،
يۇرتتا قالدى ئۇ خوتۇن-بالا چېكىپ ھەسرەت، جاپا.

بۇ شېئىردا خوتۇن، بالا-ۋاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە قارىماي، چىگرا جايلاردىكى جاپا-مۇشەققەتكە پەسەنت قىلماي، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئون مىڭلاپ يوللۇق يىراقلىقنى ئۇزۇن كۆرمەي چىگرا رايونغا كېلىشتەك يۈكسەك ئىرادە ۋە شىجائەت ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئالىجاناپ روھ ھەقىقەتەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياجانغا سالىدۇ، شۇنداقلا يەنە:

«چىگرىنىڭ ھەر بىر تېشىنىڭ ۋەزنى بىر مۇنچە ئېغىر،
شۇندىمۇ چىقسا بوران تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇچار».
«ھىلىلا دولقۇنلىغان سۇدىن قاتار بىر پارچە مۇز،
قوشۇلۇپ گىيا بىلەن ئۇيۇل بولۇپ ھاڭنى قوچار».

«ئاقىدۇ ئوقياسىمان تېزلىكتە سۇ، جىددى شامال،
چۈشسە قار چەكسىز زېمىن توڭلايدۇ بىر پەستە تامام».
قۇم شېغىلغا توشىدۇ ئاغزى بار ھەممە بويۇم،
ئات تۇياغىدىن تاقا چۈشۈپ قالادۇر ۋەسسالام».

دېگەندەك ئېغىر، ناچار مۇھىت ئىچىدىمۇ:

خانىمىزنىڭ ئىشىغا چەكسەك مۇشەققەت رازىبىز،
چىگرىدىن چاڭنى سۈرۈشكە چىن قەسەمىيات قىلىمىز

دەپ ئىرادە بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئۆلۈمنى پەسەنت قىلمايدىغان، دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان روھ، ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە ۋە ئاپىرىن ئوقۇشقا سازاۋەردۇر.

شائىر چىگرا قورۇلىدىكى سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ چىگرا رايوننى قوغداش، چەتنىڭ دەخلى - تەرۇزىنى توسۇش، جۇڭگو بىلەن غەرپ تەرەپ قاتنىشىنىڭ تۇسالغۇسىزلىقىنى ئاسراش ۋە چىگرا رايون خەلقلىرىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىك ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىقلاردىكى پىداكارلىقىنى مەدھىيىلەشى، ئەينەن چاغدىكى دەۋردە ئاكتىپ ۋە ئىلغار مەناغا ئىگە ئىدى. چۈنكى، لىڭ شېن ئىككى قېتىم چېگرىغا كەلگەن چاغلار تيەنباۋ يىللىرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئۇرۇش ئاساسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ھەققانى ئۇرۇش ئىدى. ھەققانى ئۇرۇش جەريانىدىكى قەھرىمان پېرسوناژلارنى مەدھىيىلەش ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئەلۋەتتە مۇقىملاشتۇرۇلىشى كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، خەنزۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربى دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقى غەربى شىمالدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى قوغداش، بۈيۈك تاڭ

سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، غەربىي دىيارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، جۇڭگو بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور ئاكتىپ روللارنى ئوينايتتى. پەقەت، خەنزۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونغا نىسبەتەن ئېچىش ۋە باشقۇرۇشىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتتا ئوينىغان ئىلغار رولىنى تولۇق تونىغان چاغدىلا، ئاندىن سىڭ شېن ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنغا باي چېگرا شېئىرلىرىغا نىسبەتەن توغرا ھەم ئادىل باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى جەڭگاھتىكى دوستلار ئارىسىدا ئوزئارا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ياكى ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇزۇتۇش ئۈچۈن ياكى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ شېئىرلار چېگرا قورۇلىدىكى لەشكەر، سەركەردىلەرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئىچىدە شەكىللەنگەن، قان بىلەن يۇغۇرۇلغان دوستلۇقىنى يان تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: «تيانشان قارلىقىدا ناخشا ئوقۇپ شياۋجۈنى پايتەختكە ئۇزۇتۇش» دېگەن شېئىردا مۇنداق يازىدۇ:

بۇ تيانشان ئۈستىگە تازا قار ياققان چېغى،
بىز ئۇزاتتۇق ئاتتا سىزنى پايتەخت چاڭئەن تامان.
قار يېغىپ تۇرغاندا سوۋغات تۇتىمىز قانداق قىلىپ؟
تەڭلىدۇق قارىغاي شېخىنى، سىز بولۇڭ يولدا ئامان.

مانا بۇ مىسرالار ئارقىلىق جەڭگاھتىكى دوستلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا قىيىنالىشقاندەك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، قۇرۇق، ئاددىي جۇدالىق، ئايرىلىشقا قارىتىلغان شەكلەن ئىپادىلەش ئىچىگە كىرىپ قالمىغان، شۇنداقلا، ئايرىلدۇق، دەپ ھەسرەت چېكىپ، نالە-زار قىلىشقاندەك ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان ئىپادىلەش بويۇنتۇرۇقىغىمۇ كىرىپ قالمىغان. ئەكسىنچە، ئاق قار ۋە يېشىل قارىغاينى دوستلۇققا ئوخشىتىپ، ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر، دوستلۇقنىڭ چىڭلىقىنى، بىر-بىرىگە بولغان ساداقەتنىڭ مۇستەھكەملىكىنى نامايەن قىلىپ، شائىرنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە ئالىجاناپ تۇيغۇسىنىڭ بايلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شائىر يەنە ھاياجانغا تولۇپ-تاشقان ھالدا، رەڭدار قەلەم بىلەن چېگرىدىكى سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، ھېچقانداق كۈچنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغان باتۇرلۇقىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. «فېن دافۇنىڭ بوشيەننى ئىشغال قىلىشقا بېغىشلاپ تەنتەنە قىلغان ئالتە شېئىر» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاخىرقى پارچىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

ياغدى يامغۇر توغ-ئەلەملەر ھۆل تۇرۇپ كەتمەي قۇرۇپ،
خۇ چېدىرىدىن چىقار ئىس، كۈن نۇرى چاچار سوغۇق.
تۈنۈگۈن كەچ جەڭ بىلەن سەركەردىلەر يۈردى چېپىپ،
توبۇتلار قوشۇنىدا ئات قالدى ئىگەر، لەشكىرى يوق.

مانا بۇ مىسرالار چېگرا قورۇلىدىكى سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ كېچە-كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىل-



AltunOq

ىغان، ھەممىدە غالىپ كەلگەن جاسارەتلىك كۈرەش ئىرادىسىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى جەڭ غەلىبىسىنى بىۋاستە مەدھىيىلەپ يېزىلغان. مەسىلەن: «خۇلارنى يوقىتىش نەغمىسى» دە مۇنداق دەيدۇ:

چۈشتى يارلىق مەھكىمىدىن خۇنى يوق قىلماق ئۈچۈن،
جەڭچىلەر، ئاتلار تامام تەخ بولدى راسلاندى بۈگۈن.
نەغمىلەر بىرلە ئەسىرلەر زارىنى كۆمۈپ پۈتۈن،
ئۇ تۈركلەرنى تىيانشاندا قىلايلى بىز يىتىم.

يۇقۇرقى مىسرالار ئادىدى لېكىن ھەيۋەتلىك، مەزمۇنلۇق بولۇپ كىشىلەرنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

سەردارى تۇق لەشكىرى ئاچ ئۇسى تولۇقتۇر، بۇ يالڭاچ،
قۇملار ئىچىدە ئاق سۆڭەك، كۆزدىن ئاقار دەريايى ياش.

لىك شېئىر ئىجتىمائى تۇرمۇشقا ساداقەتمەن ئۇلۇغ شائىر. ئۇ گەرچە سەركەردە لەشكەرلەرنىڭ باتۇرلىقىنى ھەمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى ئادالەتلىك ئۇرۇشىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ خەلققە، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتنى ئىنكار قىلمىغان. شۇنداقلا سەركەردىلەر بىلەن ئادىدى لەشكەرلەرنىڭ راھەت-پاراغەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت كۆچۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئۆتكۈر زىددىيەتنى پەدازلاپ كۆرسەتمىگەن. ئەكسىنچە، ئوبيېكتىپ تارىخى چىنلىققا سادىق بولۇپ، سەركەردە تۆرىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن. «يۈيەن قورۇلىدىكى سەركەردە گەي ھەققىدە ناخشا» دىگەن شېئىرىدا:

ئۇيلىرى ئىسسىق، تېمى زەرباپ- ئوچاقلارمۇ قىزىل،
كەيگىنى تامام تاۋار، گۈللۈك يىپەكتۇر كۆز چاقار.
چىراغ پىيىنىڭ ئالدىدا تۇرار زۇمرەت چەينىگى،
ئالتۇن قاچا ئىچىدە زەمزەم، شاراپ تامچىلار.
قىزىل لىنتا، ئالتۇندىن بەلگە قىپتۇ يىپىنىغا،
قول-دىدەكلەر پەرماندىن تىنىم تاپماي چېپىشار.
گۈزەل دىدەك، كېنىزەك تۇرار ئىسكەن سۇكۇتتا،
قىزىل لەۋى كۈلكىدە، قېشى، كۆزى ئوينىشار.
ئۈزۈلمەسكەن نەغمىلەر، جاراڭلايدۇ ئاھاڭلار،
ناخشىلىرى يىراققا سوزۇلۇپ پېتى ئاڭلىنار.

دەپ يېزىپ سەركەردىلەرنىڭ ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپالىق تۇرمۇشىنى، چىرىك ھاياتى ۋە ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن. ئادەتتىكى لەشكەرلەرنىڭ تۇرمۇش ھاياتى قانداق بولغان؟ شائىر «شىمەن لەشكەرلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن دىيىۋەننى ئۈزىتىش» دىگەن شېئىرىدا:

بۇ لەشكەرلەر دائىم ئاچ ۋە يالىڭاچ،
يېتىپ كەلمەس ئۇزۇق-تۈلۈك دائىما.

دەپ يېزىپ چىرىپ كەتكەن، سېسىغان يەمەكلىكلەرنىڭمۇ يەتكۈزۈپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «لۈنتەي ناخشىسىنى لەشكەر باشلاپ چىقىپ غەرپكە سەپەر قىلغان فىڭ دافۇغا بېغىشلاپ ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىدا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

ئەسىر چۈشسە قورۇلدا تۇرغان لەشكەر مۇبادا،
ھەتتا قاچار نېرىگە بۇلۇتلارمۇ چېپىشىپ،
جەڭگاھلاردا ئۆلگەنلەر ئايلىنىدۇ سۆڭەككە،
كۆمەر ئۇنى مۇبادا ئۈنسە گىيا چىرمىشىپ.

«ۋۇۋېيدىن تۇتقاۋۇل لىيۇ دەننى، ئەنشىنى باشقۇرۇشقا ئۇزىتىۋېتىپ، گاۋكەيخۇ مەھكىمىسىگە تەقدىم قىلىنغان» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئالۋاستىلار يىغلىشار ئىككى رەتكە تىزىلىپ،
تۇرغاچ زېمىن ئۈستىدە باش سۆڭىكى چېچىلىپ،

مۇشۇ شېئىردا شائىر يەنە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان قەدىمى جەڭ مەيدانىدا سەركەردىلەرنىڭ ئەيمەنمەي:

سويىدۇ قوشۇن ئىچىدە ھەر كۈنى سېمىز كالا،
بارىگاھلار تۆرىدە يەلپۈنەر ئاققۇ پېيى.
قىپ - قىزىل شاملار يانار ئالتۇن قاچىلار ئىچىدە،
شوخ گۈزەلنىڭ ناخشىسى ۋە ئاڭلىنار چالغان نەيى.

دېگەندەك تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن پۇخرالارنىڭ سۆڭىكى دۆۋىسى ئىچىدە سۈرىۋاتقان كەيپى - ساپا! بۇ نىمە دېگەن چوڭقۇر پاش قىلىش ھەم نەقەدەر رۇشەن سېلىشتۇرۇش، ھە! شېئىر مىسرالىرىدا شائىرنىڭ خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى جانلىق گەۋدىلەنگەن، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى كۈيلەنگەن. مۇشۇ بىر قاتار خەلق ئۈچۈن چۇقان سالغان شېئىرى ئەسەرلەر كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى ئەبەدى چېچىپ تۇرغۇسى.

شائىر ئاددى لەشكەرلەرگە ئوخشاشلا، توختىماي داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن زېرىكىش ھېس قىلغانلىقىنى، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

بىر ئۆزۈم يالغۇز تۇرارمەن، كۆكتە بۇلۇتلار ئۈزەر،
بىپايان چەكسىز زېمىن خۇلارغا تەۋەدۇر ھامان.
ئاقىۋەت بىر كۈن تۈگەر بۇ جەڭ جېدەللەر، بېسىقىپ،

يىل بويى كېلەرمۇ ۋاقىت دۇمباق ئۇنى ئاڭلايدىغان؟
نە دىسەن، نەلەردە قالدىڭ بىز ياشاپ ئۆتكەن دىيار،
نە دىسەن چۈشتە كۆرۈنگەندەك تۇيۇلغان ئۆز ماكان؟

(«قارا شەھەردىن بالدۇر يولغا چىقىپ جەنۇپقا باشقا ئىشلارغا ماڭغاندا سېغىنىپ يېزىلغان»).

شائىر لەشكەرگاھتا ياشىغان، ئۇزۇن ۋاقىتلار چۆل - باياۋانلار بىلەن قاپلانغان چېگرا سىرتىدا تۇرغان. چىدىغۇسىز تەبىئى شارائىت، جاپا - مۇشەققەتلىك لەشكىرى تۇرمۇش، تەبىئى رەۋىشتە ئۇنى نۇرغۇنلىغان ئاددى لەشكەرلەرگە ئوخشاش يۇرتىنى سېغىندۇرغان. قېرىنداشلىرىنى ئەسلەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىغىللىقتا يېزىلدى» دىگەن شېئىرىدا:

ئات مىنىپ كەلدۇق غەرپكە ئاچتى يۇز ئاسمان پەلەك،
ئايرىلىپ يۇرتتىن چىقىپ ئىككى مەرتەم تولدى ئاي.
شۇ بۇگۈن ئاخشام قونالغۇ قايسى مەنزىلدە بولار،
چۈنكى ئادەملەر تامامەن قالمىغان ئۇخلاشقا جاي.

يۇقۇرقى مىسرالاردا روڭلار بىلەن بولغان چېگرا ئۇرۇشىغا قاتناشقان لەشكەرلەرنىڭ يۇرتىنى سېغىنغانلىغىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، كەڭ لەشكەرلەرنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولغانلىق ھىسسىياتى نامايەن قىلىنغان. شۇنداقلا شۇ چاغلاردىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چېگرا جايلاردا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. بۇلار ئەلۋەتتە ئاكتىپ ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە.

چېگرا جايلار رەڭمۇ - رەڭ، كۆركەم يەنە كەڭ مەنزىرە،
ھىس تەسەۋۋۇر كېلىدۇ كۆرگەندە ھەر كىم كۆڭلىگە.

شىنجاڭ بۇرۇندىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل زېمىنىنىڭ بىر قىسمى. بۇ جاينىڭ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس رۇشەن مىللى ئالاھىدىلىكلىرى بار. لىڭ شېن كەم ئۇچرايدىغان، ماھىر قەلەمى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىپايان تاغ - دەريالىرىنىڭ قىياپىتى، تەبىئەت مەنزىرىسى، چېگرا جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ھىسسىياتى، مۇزىكا-ئۇسۇل قاتارلىقلىرىنى خۇددى غەربى شىمال تەرەپلىرىنىڭ چوڭ، ھەيۋەتلىك رەسىمىنى سىزغاندەك كىشىلەر ئالدىدا تەپسىلى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈش غايەت گۈزەل، رەڭگا - رەڭ ۋە كۆز چېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىگە ئاجايىپ چىرايلىق، يېڭى بەدىئى زوق بېرىدۇ.

بۇ يەرلەردە ئادەم شالاڭ، توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان مىڭ چاقىرىملىق دەشت - باياۋان بارلىغىنى شائىر مۇنداق يازىدۇ:

چىقسىلا خۇاڭخې قىياسىدىن كىشى ئازغۇن بولار،
بۇرۇلۇپ سالساڭ نەزەر ئاستىڭ زېمىن، ئۈستۈڭدە كۆك.

كەڭ زېمىننىڭ چېكى يوق، ئاسمان پەلەكنىڭ چېتى يوق، ٢
بۇ تېخى ئەنىشىدىكى گەپ، غەرپكە قاچان يەتكۈلۈك؟
(«شېغىللىقتىن ئۆتۈش»).

بۇ مىسرالار يەنە ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ چەكسىز كەڭ، پايانىيوقلۇغىدىن كىشىنى ھەيران بولىدىغانلىغىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بۇ يەرلەردە يەنە كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ خۇشپۇراق گۈل - گىيالار بارلىغى توغرىسىدا شائىر «پاترا گۈل ناخشىسى» دېگەن شېئىرلىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئاق تاغنىڭ جەنۇبىدا، قىزىل تاغ شىمالىدا،
ئۆسەر شۇنداق-گۈل گىيا، ئىنسان بىلمەس نامىنى.
يېشىل زۇمرەت ياپرىغى، رەڭگا - رەڭدۇر چېچىگى،
مەيلى ياپراق، يا چېچەك، ئېلىپ بولماس سانىنى.
كېچىلىرى ئەتراپنى تۈن قوينىغا ئالغاندا،
سېزەر دىماق شۇ ئانلا خۇشپۇراقلار ھىدىنى.
مەن ئويلايمەن جۇڭگودا يوقتۇر بۇنداق ئالامەت،
باپ كىلەرمۇ بۇ گۈلگە پەقەت غەرپنىڭ زېمىنى؟
.........
ھەممە يەردە بولىسىمۇ سانسىزلىغان گۈل - گىيا،
خۇشپۇراقلار بۇ يەردە توختاپ كۆرمەس نېرىنى.

مانا بۇلار گۈل رەڭگىدىن ھاسىل بولغان ھەسەن - ھۈسەننى ياكى رەڭمۇ - رەڭ شەپەقنى مېنىپ كۆرسەتكەندەك، كىشى قەلبىنىڭ تارىلىرىنى تىترىتىدىغان مىسرالاردۇر.

بۇ يەرلەردە كۈچلۈك يالقۇن چېچىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ئوت تاغلىرى بارلىغى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

قىپ-قىزىل يالقۇن يانار، بۇلۇت ئاڭا بولغان ئەسىر،
ھورغا ئوخشايدۇ ھاۋا، دۇملەنگىنىدەك كۆك پەلەك.
(«يالقۇن تېغىدىن ئۆتكەندە»).
توققۇزىنچى ئايدىمۇ قۇيۇلىدۇ تەرلىرىم
ئىسسىق شامال ئۇچۇرار قۇم توزاڭنى توختىماي.
(«جياۋخې مەھكىمىسىدىن قىيىڭ داۋۇغا تەقدىم»)
يالقۇن بولۇپ بۇلۇتلار قاپلايدۇ تاغ ئۈستىنى،
بولماس زادى كۆرگىلى باشقىچە بىر ھاۋانى.
ئۇچار قانات بۇ يەرگە كىلەلمەسكەن زادىلا،
ئېگىز ئۇچۇپ مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى سامانى.
(«يالقۇنتاغ ناخشىسى بىلەن ئۇزىتىش»).

شائىر غەربى شىمال ئىگىزلىگىدىكى يالقۇندەك تاغلارنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى ئەنە شۇنىداق جانلىق، ئېنىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

بۇ يەردىكى ھەممىشە ئۇركەشلەپ تۇرىدىغان ئىسسىق كۆلنىڭ ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى، تىلسىمغا ئوخشاش ھالىتىنى شائىر مۇنداق يازىدۇ:

تاغ – ئىدىرلار باغرىدىن ئاڭلىنار خۇ گەپلىرى،
غەرپتە ئىسسىق كۆل تۇرار سۈيى قاينايدۇ ئەجەپ.
ئۈستىدىن جۇرئەت قىلىپ ئۇچاس ئۇچار پەررەندىلەر،
ئىچىدە ئوينار بېلىق ئۈزۈن، سېمىز ھەم تۆپۈلەپ.
كۆل بويىدا ياپ-يېشىل ئوتلاقلىرى كەتمەس قۇرۇپ،
كۆكتە تولغانغان تۇتۇندەك ئوينىشار ئاپپاق بۇلۇت.
سايىسى ئۈزەر ئىزدىق قۇم ۋە شىغىللار ئۈستىدە،
دولقۇن ئاتسا ئۈنچىلىرى كۆرۈنەر ئاپپاق قۇرۇت.
(«ئىسسىق كۆلگە زىيارەت»).

بۇ يەردىكى مۇزىكىلارنىڭ كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغانلىقى، يۇرتىنى سېغىنغان سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىشە يۇرەك باغرىنى ئىزىدىغانلىقىنى مۇنداق يازىدۇ:

ئاڭلىغانمۇسىز خۇلارنىڭ چالغان سازى، نەغمىسىنى،
قىزىل ساقال، يېشىل كۆزلۈك بۇ خۇلارنىڭ نەزمىسىنى؟
ئۇلار چالار توختىماستىن بىر نەغمىنى بىرنى ئۇلاپ،
بىلمەك پەقەت ئولتۇرۇشنى رورەن ۋە رۇڭ پەرزەندىنى.
(«خۇ نەغمىلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئەلچى يەنجىچىننىڭگە نىسۇغا ئۇزىتىش»).

ئاڭلانغاندا بۇ خۇلارنىڭ چالغان سازى، نەغمىلىرى،
ئۆرتىنەدۇر يۇرەك باغرىڭ، دىلىڭ تولار ئەلەملەرگە.
بىر ئولتۇرساڭ تۇرالمايسەن، قارىغاندا ئەتراپىڭغا،
كۆزلۈك چۈشەر يامغۇردەك ياش تۆكۈلمۇاتقان جۇپ كۆزلەرگە.

(«چيۇچيەن ئامبىلىنىڭ زىياپىتىدە مەس بولۇپ قېلىپ يېزىلغان»).

يۇقۇرقى مىسرالار ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكىسىغا بولغان ئەڭ ئالى مەدھىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى چىرايلىق ئۇسۇللار توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئوينىسا ئۇسۇل گۈزەللەر، بىلىنەر گۈل تەۋرىشى،
تا ئەزەلدىن كۆزى بارلارغا نىسىپ بولماس بۇ ھال.
كەڭكۇشادە، كاتتا ئۆي ئاستىدا رەڭگارەڭ گىلەم،
چېلىنىپ ساز ئوينىسا رەققاس ئۇسۇل دەيسەن شامال.



AltunOq

يىزق بۇ ئالەمدە مۇڭگىدەك نەچچە يا لەرزان ئۇسۇل.
نەغمىلەر خەنزۇ ئىچىگە كىردى خۇلار ئىچىدىن.
شۇندىمۇ ھەيران ھىردىسلىق كۆرسەتمىز تاۋۇپ تاشار،
ئوزىنى تۇتماقمۇ مۇشكۇل، ھېس ـ ھاياجان تەپتىدىن.
ئۇسۇل ئوينايدۇ گۈزەللەر، چېھرىدە ئالىپتا روھ،
يەڭگىل، ئاستا چېلىنار داپ، تەگدىشى جاڭ شۇنچە شوخ.
قارىساڭ لەپشىپ چۇشۇپ تۇرغاندەك قارلار بىلىنەر،
چىقىراپ قاش ئېتىشى گويا قۇيۇن، قوزغايدۇ زوق،
ئىگىلىپ تاشلاپ ئۆزىنى تاكى مەجنۇندەك بولار.
تاشلىسا كۆز ئالغا، ئارتقا بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس.
بۇنچە نەغىمە ھوزۇرىنى تەڭ قىلىپ بولمايدۇ ھېچ،
تاشلىسا ياپراقنى گۈل، شۇنداق غولى مىدىرلىماس.
بەزمىدە كىم ئەگەر ھەۋەس قىلار ئۇسۇلغا، شۇ ـ
دىل بېرىپ ئۆگەنسە كىم، ئوينايدىغان مۇشۇ ئۇسۇل.
مەيلى قامەت مەيلى ھەركەت تەگدىشى يوقتۇر ئۇنىڭ،
ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس، رەققاس ئۆزى گوياكى گۈل.

(«تيەنشىجۇن گۈزەللىنىڭ ئۇسۇلىنى نىلۇپەرگە ئوخشۇتۇپ شىمالى قەسىردە يېزىلـغان شېئىر»).

يۇقۇرقى مىسرالارنىڭ شۇنچە جانلىق، جۇشقۇن، ئىتتىك مەنزىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. كۆز ئالدىمىزدا شوخ ئۇسۇل ھەركەتلىرى قايتىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بىز شائىرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بەدىئىي ماھارىتى ئۈچۈن تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

ئەسلىدە، چېگرا سىرتىدىكى ئاجايىپ گۈل ـ گىيالار، يالقۇنتاغ، ئىسسىق كۆللەر، مۇزلىكلا ۋە ئۇسۇللارنىڭ ئۆزىلا شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئىلھام پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ شائىرلىڭ شىننىڭ بەدىئىي ماھارەتكە تولغان ئۇستات قەلىمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنزىرىلەر تېخىمۇ جانلانغان، كۆرۈنۈشلەر يەنىمۇ رەڭگىمۇ ـ رەڭ تۈس ئالغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بىزگە بىر خىل ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان سېھرىي كۈچ بولۇپ تۇيۇلىدۇ، مانا بۇ بەدىئىي تارتىش كۈچىدۇر.

(4) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار ئېقىمى كونا، بۇرۇن،
مىللىي ئىتتىپاق دىلنىڭ رىشتىسى چوڭقۇر، ئۇزۇن.

مىلادى 1 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رىم ئالىمى پىرىنىر (مىلادى 23 ـ 79 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ "ئاسارە ـ ئەتىقىلەر" دېگەن كىتاۋىدا: (جۇڭگو) نىڭ يىپەك ـ تاۋار بويۇملىرى رىمغا توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ھەشەمەتلىك ئارىستوكراتلارنىڭ خانىملىرى كىيىم تىكىپ كىيىشىپ كۆزلەرنى ئالاڭ ـ بولۇڭ قىلىشۇەتتى. يەر شارىنىڭ شەرقى بۇرجىكىدىن غەربى بۇرجىكىگە بۇنداق بويۇملارنى توشۇپ كېلىش، ھەقىقەتەن تولىمۇ جاپالىق ئىش بولغان." ("جۇڭگو بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش نەقلىـ

يات تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ قىسىم. 20 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خېلى بۇرۇنلا، يەنى مىلادى 1 ـ ئەسىردىلا جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇغلۇق يول قاتنىشى ئېچىلىپ مال ئالماشتۇرۇش باشلانغان. تارىخنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى لەشكەر ـ سەركەردىلەر، ئەمەلدارلار ھەمدە جۇڭگو، چەتئەل سودىگەرلىرى، ئەلچىلەر، ساياھەتچىلەر تاغ ئېشىپ سۇ كېچىپ، ”يىپەك يولى» دا ئالدىراش ئۆتۈشۈپ تۇرغان، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېقىمىنى بەرپا قىلىپ شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ يىپەك ـ تاۋارلىرى، پولات ھەمدە مېتاللىچىلىق تېخنىكىسى غەربكە تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى بولۇپمۇ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى شەرققە تارقىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى شەھەر يېزىلىرىغا يېڭى قىياپەت ئېلىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان دەسلەپكى خان لى شىمىن سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر ئىدى. ئۇ: ”چەت ياقىدىكى غەيرى دىن دېيىلگەنلەرمۇ ئادەم. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغانشىيا (باكتىرىيانلار) لار بىر تىزىققا كېلەلمىدى»، ”بۇرۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك باي رايون بولۇپ، ماللىرى غەيرى دىنلار تەرەپلىرىگە ئاپىرىلغان. ئالاقىلىشىش، يالغۇز تۇرغاندىن ياخشى.» (”زىجىژ تۇڭجيەن» تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى 14 ـ ) دەپ قارىغان. ئۇ يەنە: ”ئادەملەردە ياخشى كۆرۈش خاراكتېرى بولىدۇ. خەنزۇلار بىلەن غەيرىلەر ئايرىلىپ تۇرۇۋەرمەسلىكى كېرەك.» (”جىڭگۇەن يىللىرىنىڭ مۇھىم خاتىرى» 5 ـ جىلد) دېگەن ئىدى. شۇڭا ئەمەلىيەتتىمۇ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئېچىۋېتىش سىياسىتى قوللاندى. بۇ سىياسەت تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنى ”يىپەك يولى» راسا ئاۋاتلاشقان دەۋرگە ئىگە قىلدى. سودا ئىشلىرى بىلەن چاڭئەن، لوياڭغا بارىدىغان غەربىي دىيارلىق سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغان ئىدى. مەسىلەن: شۇ چاغدىكى خۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى مودا كىيىم بولۇپ كەتكەن. بەي جۈيى يازغان ”مودا بويىچە ياسىنىش» دېگەن شېئىرىدا:

”مودا كىيىم، ياسىنىش ياقتى ھازىر ھەركىمگە،
غەربىي دىيار مودىنى تارقاتقاچ ھەر تەرەپكە.»

دېگەن ئىدى. خۇلارنىڭ مۇزىكىسى، خۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرى كەڭ تارقالغانلىقتىن شۇ چاغدا كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدىغان بولغان:

لوياڭدىكى ھەممە ئۆي ئىچىدىكى ھەر ئادەم،
ئۆگىنىدۇ خۇلارنىڭ نەغمىسىنى ئالداي دەم.
(ۋاڭ جيەن: «لياڭ جۇ ئايىمىغا سەپەر»)

ھالبۇكى، لىڭ شىنىڭ شېئىرلىرى شۇ چاغدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ـ ئارا ئۆگىنىش مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا پەيدا بولغان گۈللىنىش ئەھۋالىنى جانلىق، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ

نوقۇل غەربى رايون مۇزىكىلىرىنىڭ گۈزەل، يارقىن، خۇشناۋالىق ئىكەنلىكىنىلا تەسۋىرلەپ قالماستىن، بەلكى بۇ خىل مۇزىكىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىكى چوڭقۇر تەسىرىنىمۇ ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇ ”لۇنتەيدە غەزەل بىلەن فىن دافۇنى غەرپسەپىرىگە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىدا:

چالىمىز خۇ نېيىنى بىز شادىمان،
زور قوشۇننى ئۇزىتىپ سەپەر تامان.

دەپ يازسا، ”خۇنەغمىسىنى چېلىپ يەن جىچىننى گەنسۇغا ئۇزىتىش» دېگەن شېئىرىدا:

خۇلار چالار نەغمىسىنى شاتلىنىپ،
نەي پۈۋلەيدۇ كۆزدىن ئايغا قارىتىپ.

دەپ يازىدۇ. بۇلاردىن، خۇ كىشىلىرىنىڭ مۇزىكىسىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە تارقالغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ”جيۇچۇەن ئامبىلىنىڭ زىياپىتىدە مەس بولۇپ قېلىپ يېزىلغان شېئىر» دا شائىر شۇنداق يازىدۇ:

بەرباپ بىلەن نەي تەڭكەش، چېقىرىدۇ شوخ سادا،
كەن بىلەن خۇ كىشىسى تەڭ ئوقۇيدۇ بىر ناخشا.

”لياڭجۇ ئايماق مەھكىمىسىدە ھەر قايسى تۇتقاۋۇل بەگلەر بىلەن كېچىدە جەم بولۇش» دېگەن شېئىردا يەنە شۇنداق يازىدۇ:

لياڭ جۇكىملەر 7 يول، ئائىلىلىك بىر تۈمەن،
يېرىمىدۇر خۇلۇقلار، بەرباپ چالار زوق بىلەن.

يۇقۇرقى مىسرالار شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ھەر مىللەت خەلقى مەيلى شەھەر ئىچىدە بولسۇن ياكى لەشكىرى قىسىم ئىچىدە بولسۇن، ئۆز ئارا زىچ، ئارىلىشىپ ئۆتكەن. غەربى رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرىدۇ بىللە چېلىنىپ تەڭكەش قىلىنغان. بۇلاردىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقنىڭ غەربى دىيار مۇزىكىلىرىغا بولغان ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. شۇنداقلا بۇمۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تەرىزدە، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرلىكتە ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت، سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ:

لىڭشېن غەربى دىيار ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق، تېتىك، يەڭگىللىكىنىلا تەسۋىرلەپ قالماستىن:

قاردىساڭ لەپىشىپ چۈشۈپ تۇرغاندەك قارلار بىلىنەر،
پىقىراق قاش ئېتىشى گويا قويۇن، قوزغايدۇ زوق.
ئىگىلىپ، تاشلاپ ئۆزىنى تالى مەجنۇندەك بۇلار،
تاشلىسا كۆز ئالغا، ئارتقا، بىر - بىرىگە ئوخشىماس.

("تيەن شىجۇن گۈزەللىك ئۇسۇلىنى ئىلۇفارگە ئوخشىتىپ شىمالى قەسىردە يېزىلغان شېئىر») دېگەن
مىسرالىرى ئارقىلىق "خولارنىڭ پىقىرىدا ئۇسۇلى» نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ- كۆلەمدە تار-
قىلىشىدىكى سەۋەپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنداقلا ئىنتايىن توغرا ھالدا:

يوق بۇ ئالەمدە بۇنىڭدەك نەغمە يا لەرزان ئۇسۇل،
نەغمىلەر خەنزۇ ئىچىگە كىردى خولار ئىچىدىن.
(يۇقۇرقى شېئىردىن)

دەپ خولاسە چىقىرىدۇ، مانا بۇلار غەربى دىيار مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەدەنى-
يىتى ۋە سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققى قىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىنى جانلىق رەۋىشتە
ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

لىڭ شېن «لۇنتەي تەسىراتلىرى» دېگەن شېئىرىدا:

"ئوخشىماسكەن تۇبۇتلارنىڭ كىتاۋىغا كىتاپلىرى ۋە خەتلىرى،
بۇ خولارنىڭ سۆزى باشقا، چېتىشاركەن ئۇرغۇلىرى.

دەپ يېزىپ، تارىخى پاكىتلارنى كۆرسىتىشتىن تاشقىرى، "شىمالى دىنىڭ غەربى شەھەر ئەتراپىدا
قىن فۇنىڭ ئىنئامىنى ساقلاپ، قوشۇن قايتىشىغا تەقدىم» دېگەن شېئىرىدا:

"خولۇقلارنىڭ يېرىدە ئوخشايدىكەن بىدىلەر،
لۇنتەي دېگەن بۇيەردە بېقىلغان ئات بەك سېمىز.

دەپ يېزىپ چېگرا قورۇلى سىرتىدىكى گۈزەل، باي، مۇنبەتلىكنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ
قىممەتلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلى-
شىدىغان، ئىناق، ئىجىل ئۆتىدىغان ھەقىقى ئەھۋالىنى جانلىق تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تاغ - ئىدىرلار باغرىدىن ئاڭلىنار خۇ گىيەپلىرى،
غەرپتە ئىسسىق كۆل تۇرار سۈيى قاينايدۇ ئەجەپ.

دېگەن مىسرالار ئاپتورنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا غەربى دىيار مەن-
زىرىسىنى تەسۋىرلەش ئىجادىيەت ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر: " تىيا-
نىر سوئالى بىلەن گۈلدار ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ھاراقسا تىدىغان خوجايىنغا مۇراجىئەت » دېگەن
شېئىرىدا:

ياشىنىپ قاپتۇ بوۋاي، يەتمىشتىن ئاشقاندۇر يېشى،
شۇندىمۇ ئوبدان ئىكەن ئىچىشكە ئۇنىڭ ھارىغى.
مىڭلىغان ئىدىش بىلەن تۈمەنلىگەن جامنى ئۈزى،
كوتىرىپ تىزار ئىكەن ئىشىك ئالدىغا بىر يولى .

ماگار يولىنىڭ يېنىدا تۇرار ئۇنىڭ دەرىخى،
ئىشلەيدىكەن شۇنىڭدىن ھاراق، تۈگىمەس پۇلى.

دەپ يازىدۇ. بۇ يېرىنىڭ، جانلىق ۋە تەسىرلىك مىسرالار بىلەن تۈزۈلگەن كىچىك، قىسقا شېئىر شائىرنىڭ ھەۋەسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بولغان يېقىن، سىرداش، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «جياۋخې ئەمەلدارىنىڭ فېن داۋۇغا بېغىشلىمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

بۇندا كەلگەن ھەر ئەمەلدار ئېسىدە —
تۇتىدۇ خۇ ئادىتىنى ھەر زامان.

دەپ يازىدۇ. بۇ مىسرالاردىن خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەر، ئۆزئارا سۆيۈشۈشىنىڭ تارىخىي پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يالغۇز- يەككە خوشلىشىپ سۇ يولىنىڭ بويىدا،
تۈگىمەيدۇ ئۇزۇن سۆز قىلىشسىمۇ تويغىچە.
ئەتراپلاردا سەككىزدىن مۇلازىملار قويۇلغان،
تۇرار ئۇلار كۈتۈشۈپ تەمكىن بولۇپ شۇڭغىچە.

دېگەن مىسرالاردا خەنزۇلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئىچىملىك كۈنلىرىدىكى كېچىلىك زىياپەتتىن يانغاندىن كېيىنكى ھالىتى يېزىلغان. بۇنداق زىياپەتكە قاتناشقانلارنىڭ ئاز بولغاندا 3 خىل مىللەتتىن، يەنى خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنى تەسۋىرلىگەندە:

لەشكىرگاھ ئوردىسىدا تۈزىلىپتۇ ھاراقلار،
دۇمباق ئۇنى قىزىتقان كېچىنىڭ جىم قوينىنى.
ئىپەك چېدىر ئىچىدە يانار شاملار نۇر چېچىپ،
خىرەلەشكەن، تۇتۇلغان لەت قىلغاچ ئاي نۇرىنى.
گۈللۈك ئىشىك يېنىدا خۇشال بولغان سەركەردە،
شۇنچە ماھىرلىق بىلەن ئوينار خۇ ئۇسۇلىنى.
ياپراق دەريا بويىدىن كەلگەن توبۇتلار خانى،
شۇنچە راۋان سۆزلەيدۇ خەنزۇلارنىڭ سۆزىنى.

بۇ مىسرالاردىن، بىرنەچچە مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا سوزلىشىشتە بىر خىل تىل ئىشلەتكەنلىكىنى، بىر - بىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئويناپ، بىر - بىرىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتالايدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ئىچىدە ياشىغانلىقىدەك جانلىق ھالەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، «جاۋ سەركەردە ھەققىدە ناخشا» دېگەن شېئىر ئاچكۆزلۈك، چىرىكلىكنى يازغان ئەسەر



AltunOq

بولماستىن ، بەلكى خەنزۇ سەركەردىلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت يېزىلغان ئەسەر.

توققۇزىنچى ئايدا تيانشان شامىلى بولار پىچاق،
شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئات يايلىغا يەتتى سوغاق.
سەركەردە ئويناپ قىمار ئۆتتى مەيداندا! تامام،
تەگرىقۇت ئۇتقازدى قالماي جۇۋىسىنۇ ۋەسسالام.

بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدىن تارتىپ مەزمۇنىغا قەدەر تەپسىلى كۆز سالىدىغان بولساق ، بۇنىڭ ئادەتتىكى قىمار ئويناش ۋاقەسىنى يازمىغانلىغىنى كۆرەلەيمىز. شېئىردا خەنزۇ سەركەردىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كاتىۋشىنىڭ ئات بەيگىسىنى قىمار قىلغانلىغى يېزىلغان بولسىمۇ ، بۇ يەردە كورۇۋېلىشقا تېگىشلىكى ، خەنزۇ سەركەردىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئات بەيگىسى قىلىشنى ، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق ئۆرپ- ئادىتىنى ھۆرمەت قىلغانلىغىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . شۇنداقلا ، ئىككى مىللەت يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىككى مىللەتنىڭ يېقىن ، زىچ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. يۇقۇرقى شېئىرلار ، تاڭ سۇلالىسى گۈللەپ تازا روناق تاپقان ۋاقىتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز - ئارا ئۆگىنىش ، ئىناق - ئىجىللىغىنىڭ چىنلىق بىلەن تارتىلغان سۈرىتىدۇر. ئەنە شۇنداق ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ، ئىتتىپاق ، ئۆز ئارا سۆيۈشۈشلىرىنى مەدھىيىلىگەن شانلىق شېئىرلار كەلگۈسىدىمۇ مەدىنىيەت ساھەسىدىكى ئېسىل ياقۇت بولۇپ ئەبەدى نۇر چاچقۇسى!

لىڭ شېننىڭ چېگرا شېئىرلىرى ئىچىدە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ، ئىنئامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ، ئايرىلىش تۈپەيلىدىن يېزىلغان شېئىرلار ئاز ئەمەس . ئەلۋەتتە ، بۇ بىر قاتار شېئىرلار مەدھىيە - ئالقىش ئوقۇشتەك ساختىلىقتىن خالى بولالمىغان . مەسىلەن : « يۈيەن قورۇلىدىكى سەركەردە گەي ھەققىدە ناخشا» دىگەن شېئىردا:

” گەي سەركەردە، چىن باتۇر، دىسە بولار يىگىت دەپ،
ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزدى، كەتمەس ئالتۇن - كۈمۈش دەپ.
جەنۇپتا ئۇ روپۇرۇ ئىت رۇڭلارغا، شىمال خۇ،
سەركەردىمىز كەلگەندە كېتەر ھەممە ۋايىم يەپ.

دەپ يازسا ، ” ۋۇۋېيدىن تۇتقاۋۇل ليۇ دەننى ئەنشىنى باشقۇرۇشقا ئۆزىتىۋېتىپ گاۋ كەيفۇ مەھكىمىسىگە تەقدىم قىلىنغان “ دىگەن شېئىردا تۇتقاۋۇل ليۇ دەننى پۈدەپ ماختاپ:

ئۇنىڭ تۇغ ۋە ئەلەمى كۆئىنلۇندا لەپىلدەر،
ئەھلى سەلىپ دۈمبىغى تىترىتىدۇ پۇچاڭنى.
ئارغىماقلار چېپىشار ، پۇشقۇرۇشۇپ ئالدىغا،
قولغا ئالار زەربىدە رورەنلەك شۇ خاقاننى.

دەپ يازىدۇ . بۇلار ، شائىرنىڭ نام ، ئەمەل ۋە ئىنئام قوغلىشىدىغان خۇسۇسى مۇددى -

ئايىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ . « جاڭ شىيەنشىن مۇئاۋىن ئەمەلدارلىقتىن چۈشۈپ خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندىكى گادىرماش خىياللىرىم » دېگەن شېئىرىدا:

سەركەردە، مەرت ئوغلانلار ئىچىدە ئەر ئىدىڭىز،
بىر پەرماندىن چېگرىدا شۇنچە ئۇزاق تۇردىڭىز.
ئوتتۇز ياشقا كىرمەيلا كاتتا ئەمەل تۇتقانىسىز،
ئالتۇن موھۇر ۋەزنىدىن ئېغىرلاشقان بىلىكىڭىز.
ئالدىنقى كۈن كەلدىن ھىممەت بىرەر يولۋاس دەپ،
كىم كېلىپ قىلماس تاۋاپ، ئاشقان ـ تاشقان ئەمەسسىز.

دەپ يازىدۇ . « شەمەلى مەھكىمىنىڭ غەربىي شەھەر سىرتىدا فىڭ دافۇنىڭ لەشكەر چۈشۈ ـ رۈشنى ساقلاپ تەقدىم قىلىشقا يېزىلغان شېئىر » دېگەن شېئىرىدا فىڭ چاڭچىڭنىڭ تىك كۆتىرىلىپ ئۆسۈشىگە شامىنى ئېيتىپ شۇنداق يازىدۇ:

جاناپلىرى قىرق ياشقا كىرمەي، تېخى ياپ ـ ياشلا تۇرۇپ،
باي بولۇپ كەتلە، كېلىپ ئامەت ئەجەپ دەل ۋاقتىدا.
شۇنچە تېز ئۆرلەپ پەلەككە، چىقلا بۇلۇت ئۈستىگە،
قالدى ھەتتا نى ئۇچار قۇش، ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدا.

شائىر شەخسىي نام، ئەمەل ۋە ئىنئام بايلىقلارغا ئېرىشىش بىلەن تەكخۇسۇسىي غايىسى ئەمەلگە ئاشماي قالغان چاغدا بولسا ، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ ، شۇ ھامان پاسسىپ ئىدىيىسىنى ئاشكارىلايدۇ:

بىر ئۆمۈر ئىچىدە ئادەم خوش كۈلەر نەچچە قېتىم،
ئىچ ھاراق ئۇچراشسا غەم يىغلارسەن مەس بولۇپ.

( « لياڭجۇ ئايماق مەھكىمىسىدە ھەر قايسى تۇتتاۋۇل بەگلەر بىلەن كېچىدە جەم بولۇش » )
يۇقۇرقى مىسرالار ئۇنىڭ كەمچىل جايلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لىڭ شېن يازغان چېگرا شېئىرلىرىدا سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمىلىك بولسىمۇ ، ئۇ تاڭ سۇ ـ لالىسى دەۋرىدىكى شېئىرىيەتكە كەڭ تېما ۋە يېڭى ـ يېڭى ئىدىيىۋىلىك مۇھىت ئېچىپ بېرىپ ، چېگ ـ را شېئىرلىرى ئىجادىيىتىنى يېڭى پەللىگە ئېلىپ چىقتى ، شۇڭا ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۆچمەستۇر.

رەڭدار كۆپخىل، ۋەزىنلىرى مۇستەھكەم، چېگرا،
شېئىرلىرى گۈلزارلىقىدىكى ئاجايىپ گۈل.

لىڭ شېننىڭ چېگرا شېئىرلىرى بەدىئىي ئۇسلۇبى جەھەتتىنمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە . پىشىپ يېتىشكەن ماھىرانە يېزىقچىلىق تېخنىكىسى ، تەسەۋۋۇرىنىڭ مولىغى ، مۇبالىغە ، خاس ئىپادىلەش قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ، ئوخشاي چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى ۋە راۋانلىقى ، ئوبرازلىق ، جانلىق تىلى ، قىزغىنلىق ، ئازادىلىك ئورغۇپ تۇرغانلىقى ، پىكىرلىرىنىڭ ھەيۋەت ـ

لىك چىقىشىدىن ئىبارەت ئىجادىي خاراكتېرى قاتارلىقلىرى بىلەن ئۇ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنـ -
گەن دەۋرىدىكى چېگرا شېئىرلىرى تەرەپدارلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرلارنىڭ ۋەكىلى ئى -
دى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جۇڭگو شېئىرىيەت تارىخىدا گۈزەل ، جەسۇرلىقى بىلەن كۆزلەرنى قاماش -
تۇرۇپ تۇرىدىغان بىر گۈل بولۇپ قالدى.

(1) قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ۋەزنى جاراڭلىق.

لىك شېئىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر، ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىق ۋە جاراڭلىق ۋەزنىـ -
لەر ئىچىگە چۆمگەندەك بولىدۇ ، زوقلىنىدۇ ۋە ھاياجانلىنىدۇ . شېئىر ئىچىگە گويا چوغدەك
يالقۇنلاپ تۇرىدىغان ھېسسىيات يوشۇرۇنغاندەك ، كىشىلەرگە بىر خىل جاسارەت پەيدا قىلىدىغان
ئىلھاملاندۇرۇش كۈچى بېغىشلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . كىشىلەرگە ھاياتنى سۆيۈش ، چېگرا را -
يونىنى سۆيۈش ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ . ھالبۇكى ، ئەنە شۇنداق
يۈكسەك ئىدىيىۋى پىكىر ، جانلىق ئوبراز ، شېئىرى ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ - دە
بىر خىل بەدىئىي تارتىش كۈچى ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىق بىلىنىدۇ . بۇلار ئاساسەن شائىرنىڭ يۈك -
سەك ئىدىيىۋى مۇھىتى بىلەن تولۇپ - تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن كەلگەن . شۇنداقلا
بۇنى ئۇ ئىجادىدا قوللانغان ئاكتىپ رومانتىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئايرىپ قارىغىلى بول -
مايدۇ . شائىر تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەپسىلىي سۈرەتلەش ۋە ئىش - ھەركەتنى چىنلىققا يېقىن -
لاشتۇرۇپ بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان . بەلكى ، گەۋدىلىك روشەن تىپىك ئوبراز -
لارنى تاللىۋېلىشقا ماھىر بولۇپ ، مەركىزى ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ ئاددىي - قىسقا ، بىر نەچچە
جۈملە بىلەنلا جەڭگاھلار مەنزىرىسىنى جانلىق سىزىپ چىقالىغان ياكى كۆركەم چېگرا مەنزىرىلى -
رىنى سۈرەتلەپ بەرەلىگەن . ئوقۇغۇچىلار بۇ جانلىق كارتىنىلارنى كۆرگىنىدە ، ئۆزىنى تۇتالىغان
ھالدا گۈزەل شېئىرى پىكىرلەر قايىنىمىغا كىرىپ كېتىدۇ ھەمدە بىلىپ - بىلمەي ، ئاڭلىق ياكى
ئاڭسىز ھالدا شېئىرى تەسىراتلار بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرى دائىم دىگەندەك بىپايان
چېگرا جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان جەڭ تۇرمۇشلىرىدىن تېما ئېلىپ
يېزىلغانلىقتىن ، شېئىرنىڭ بېرىدىغان تەسىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ، جاراڭلىق ، ئازادە بىلىنىپ
قەلب تارلىرىنى چېكىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئاتاغلىق شېئىر بولغان « ئاتتا كېتىۋېتىپ فىن داۋنىڭ
لەشكەر باشلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىشىنى ئۇزىتىش » دىگەن ئەسەرنى كۆرۈپ باقايلى:

كۆردىلەۋ ئات مىنىپ باستۇق يولنى چېگرىغا-
يېقىنلىدۇق؛ ئالدىدا قۇملۇق ياتار بىپايان.
سىنتەبىردە لونتەيدە شامال تۇۋلار كېچىسى،
پارچە شېغىل ئۇ يەردە كېلەر جامدىنىۋ يوغان.
شامال چىقسا ھەممە يەر قاپلىنىدۇ توزاڭغا،
ئۇچار تاشلار پىقىراپ چۈشەر يەنە باش سايان.
ھونلار يېشىل ۋە سېرىق ئات مىنىدۇ بەك سېمىز،
ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدە ئۇچىشىدۇ ئىس، تۇمان.
خەنزۇ سەردار غەرپكە لەشكەر تارتىپ ماڭدىكىمىز،
سالماڭ تون ۋە كۈندۈزى ساۋۇتلارنى ھېچقاچان.

يېرىم تۈندە ماڭغاندا قالقان ــ سوپەر، نەيزىنى،
تۇتۇپ مىڭىلىك شامالالار كېلەر گويا تىنغىسمان .
ئات يۈگۈلىرى قىراۋدىن، تەردىن مۇزلاپ كېتىدۇ،
چىققان هورلار قاتىدۇ پۈشۈلداپ تىنغان هامان.
زىمىن ئۈستى شەلۋەرەك، گىيا بىلەن قوشۇلسا،
بۇلار قاتتىق ئۇيۇلتاش چۈنكى سوغىدىن مۇزلىغان.
ئاتلىق لەشكەر تىڭشىسا غەيرى ئاۋاز شەپىنى،
بولغاي سەگەك بىدارى، بولغاي باتۇر ــ قەهرىمان.
پىيادىلار خەتەرگە ئىنتىلمىسۇن ئالدىراپ،
غەربى قۇۋۇق شۇندىلا بەرگەي شەرەپ ــ زەپەر، شان.

يۇقۇرقى شېئىرنىڭ هەممە جۈملىلىرى قاپىيىلىك كەلگەن . هەر ئۈچ خەت بىر تۇراق گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ناهايىتى راۋان ، ئىخچىغا چۈشۈپلا تۇرىدۇ ۋە ئۇقۇغانسېرى جىددىيلىككە چۈمدۈرۈپ ، جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىغا تەسىرلىك سۈرەتنى كەلتۈرىدۇ. بۇ شېئىر دەسلەپ قار ، قۇم ، بوران ــ شامال ، تاش ــ شېغىللاردىن ئىبارەت تەبىئى مۇهىتنى تەسۋىرلىگەن . "سىڭتەبىردە لۇنتەيدە······" دىگەن مىسرادىن باشلانغان ئۈچ جۈملىدە شىنجاڭنىڭ بوران هۆكۈرەپ تۇرىدىغان مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، بۇ هەممىگە تونۇش. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپ تارتىپ ماڭغان لەشكىرى قوشۇندىكى ئەزىمەتلەر يېزىلغان . ئۇ يەنە بىر كۆرۈنۈشنى سىزىپ چىقىپ كېچىلىك يۈرۈش ئەهۋالى بايان قىلىنىپ ، لەشكەرلەرنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە شامال ، قار ــ شىۋىرغانلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ مېڭىش ئەهۋالى ، پەخەس بىدار بولۇشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن . " ئات يۈگۈلىرى قىراۋدىن ، تەردىن مۇزلاپ كېتىدۇ " دىن تارتىپ باشلانغان ئۈچ جۈملە چېگرا رايوننىڭ كېچىلىك سوغۇقىنى تەسۋىرلەيدۇ . باشقا هەر قايىسى جۈملىلەرمۇ رۇڭلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان لەشكەر ــ سەركەردىلەرنىڭ جاسارىتىنى ، تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان شىجائىتىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان . خەتكە مۇنداقلا بىر قارىغاندا ، جۈملىلەر ئارىلىغىدا هېچقانچە رۇشەن باغلىنىشلىق يوقتەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، باشتىن ــ ئاخىر سەركەردە ــ لەشكەرلەرنىڭ قەتئى ، غەيرەتلىك جاسارىتىگە مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت مەركەزى ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن . مەنزىرىنى يېزىش ــ هېسسىياتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . پايانسىز قارلىق ، قاپلاپ كەتكەن قۇم توزاڭ ، " شامال كېلەر گويا تىنغىسمان " بولسىمۇ چېگرىدىن چىققان سەركەردە ــ لەشكەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا بولغان ساداقەتلىكلىكى ، ئىپتىخارى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. يۇقۇرقى مىسرالار كورىنىشتە چېگرا جايلاردىكى هاۋا رايىنىڭ قاتتىق سوغۇقلىقىنى تەسۋىرلىگەندەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئارقىلىق سەركەردە ــ لەشكەرلەرنىڭ تېز پۈكمەس روهىغا مەدھىيە ئوقۇلغان . هېسسىيات ئىچىدە مەنزىرە ئىپچىلىدۇ ، هېسسىيات بىلەن مەنزىرە بىرلىشىپ كېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر خىل جىددى روهى هالەت شەكىللىنىدۇ ــ دە لەشكىرى قىسىمنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قەهرىمانانە ئوبرازى كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ ۋە كىشىلەرگە ئۇزى شۇنداق مۇهىت ئىچىگە بېرىپ قالغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ . لىك شېن هەر مىسراسى 7 خەت بىلەن تۈزۈلىدىغان شېئىرلارنى يېزىشقا ماهىر . ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ هەر مىسراسى 7 خەت بىلەن تۇ ــ

زۇلگەن 7 بەندلىك شېئىرلاردا كۆرۈنىدۇ. يۇقۇرقى شېئىرمۇ ھەر مىسراسى 7 خەت بىلەن تۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ مىسرالارنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى چەكلىمە ناھايىتى ئاز، قاپىيىلىرى ئالماش، جۈملىلەرنىڭ باغلىنىشچانلىقىمۇ ئەركىن، ئەمما زىچ ۋە تەبىئىي جىپسىلىشىپ كەتكەن. بۇ ئارقىلىق شائىرنىڭ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىقى ۋە ئۆزگىرىشچان كۆپخىل تەسەۋۋۇرى چېگرا رايون مەنزىرىلىرىنى كۆرگەندىلا ئۇرغۇپ تېشىپ مۇناسىپ شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

لىك شېئىر ناھايىتى نۇرغۇن غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەزەل شەكىللىك شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

(2) رەڭدارلىقى خىلمۇ ـ خىل، شېئىرى كەيپىيات مول.

لىك شېئىر تەسۋىرلىگەن چېگرا مەنزىرىلىرى، بىر خىللا بولۇپ قالمىغان، ئۆزىگە خاس ئۆتكەللەر ئارقىلىق ھەر خىللىقنى نامايان قىلغان. شۇڭا ئۇ كۆز چېقىپ تۇرىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرى «ئاق قار ناخشىسى بىلەن ۋۇ تۇتقاۋۇلنى پايتەختكە ئۇزىتىش» دېگەن شېئىردا قار مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

گوياكى بىر كېچىدە كېلىپ باھار شامىلى،
مىڭ تۈمەنلەپ نەشپۈتنىڭ چېچىكىنى ئاچقاندەك.

يۇقۇرقى مىسرالاردا تەسەۋۋۇر شۇنچە مول، سېلىشتۇرۇش ناھايىتى باپ، ئوبراز گۈزەل بولغاچقا تەبىئىي ناخشا قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. قىش پەسلىدىكى قار مەنزىرىسىنى نۇرغۇنلىغان شائىرلار تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ۋە مەدھىيىلىگەن. ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ بىر شېئىر ئىچىدىكى ئىككى مىسرا تا ھېلىغىچە ئۆلمەس بولۇپ كەلدى؟ بۇ، شائىرنىڭ كۆڭلىنىڭ يورۇق، ئىنتىلىشچان، ئۈمىتۋارلىق بىلەن كىشىلىك ھاياتقا مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن، دۆلەتكە سادىق، خەلققە ۋاپادار بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان. شائىرنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى مۇھىتى ئىچىدىلا ئاندىن ئەشۇنداق ساپ، يېڭى ساغلام شېئىرى پىكىرلەر ھامىلدار بولالايدۇ. "گوياكى" دېگەن بىر سۆز بىلەن چېگرا رايوندىكى قار چۈشۈش ۋاقتىدىكى ھالەتنى ئالدىمىزغا يېيىپ كۆرسىتىدۇ. "باھار شامىلى" دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق قىش پەسلىدىكى مەنزىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق چىرايلىق سۆز ئىشلىتىش ماھىر ئۇستىنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. "مىڭ ـ تۈمەنلەپ نەشپۈتنىڭ چېچىكىنى ئاچقاندەك" دېگەن مىسرا "باھار" مەنزىرىسى ئارقىلىق قار مەنزىرىسىنى سۈرەتلىگەن. بۇ شۇ قەدەر جانلىق ۋە چىنلىققا يېقىن چىققان. ئوبراز كىشىنى مەستانە قىلىدۇ، ئالاھىدە ھوزۇرلاندۇرىدۇ، كىشىلەرگە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. بۇ بىر شېئىر بولسىمۇ، يەنە سۈرەتكە ئوخشايدۇ. شېئىر ئىچىدە سۈرەت باردەك، ھەم شېئىر، ھەم سۈرەت ئارىلىشىپ كەتكەندەك تەسىرات پەيدا قىلىپ كىشىگە كۆڭلى ـ قارنى كېڭىيىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ تەپەككۇرى كەڭ، قەلىمى ئەركىن، راۋان بولۇپ ئوخشىمىغان رەڭ بىلەن ئوخشىمىغان شېئىرى مەزمۇنلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بەزىدە ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىدىغان مەزمۇنلار بولغان ھالەتتىمۇ، شائىر يەنە مۇستەقىل، ئالاھىدە شېئىرى پىكىر ۋە

تەسرات ئىجات قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلغان . « ئاق قار ناخشىسى » بىلەن « ۋۇۋيىدا لىۋ تۇتقا ـ ۋۇلنى يەنشى لەشكىرى سەپىرىگە ئۇزىتىش» دىگەن شېئىرىنىڭ ئىككىلىسى ئۇزىتىش ئۈچۈن يېزىلـغان . ئەمما ، ئىجات قىلغان كەيپىيات ۋە شېئىرىي پىكىر ئوخشىمايدۇ . « ئاق قار ناخشىسى » دا:

لۇنتەي شەرقى قوۋۇقتىن ئۇزاپ چىقىپلا جانابىم،
كۆتەر سىلىنى يولبويى قار قاپلىغان تيانشان .
تاغ يوللىرى قايرىلىسا كۆرەلمەيمەن سىلىنى،
قار ئۈستىدە قالغۇسى ئات چاپچىغان جاي هامان.

دەپ يازىدۇ . يۇقۇرقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئايرىلىشقا چىدىمىغانلىقىدەك يۈرەك ھېسسىـياتى قەغەز ئۈستىدە نامايان بولىدۇ . بۇنىڭدا ئوبرازلار ئاددى ـ سادده ، ئىنتايىن چىن ، كەپ ـ سوزلەر قىسقا بولسىمۇ ، پىكىر ـ ھېسسىيات قايناپ تۇرىدۇ . « ۋۇۋيىدا لىۋ تۇتقاۋۇلنى يەنشى لەشكىرى سەپىرىگە ئۇزىتىش» دىگەن شېئىردا تەسۋىرلەنگەن مۇھىت تەسىراتى بولسا « ئاق قار ناخشىسى » غا تامامەن ئوخشىمايدۇ:

بەشىنچى ئاي يالقۇنتاغ، ماگار ئادەم بەكمۇ ئاز،
جاناپلىرى ئات بىلەن ئۇچۇپ ئۆتكەي قۇش بولۇپ.
تەيىنلىدى مەھكىمە غەرپكە سىلىنى بەگ قىلىپ،
ياگىرىغاي بۇرغا ئۇنى خۇ دىيارىغا تولۇپ.

يۇقۇرقى بار ـ يوقى تۆت مىسرا پايانسىز كەگرى كەتكەن مۇھىتنى ئىجات قىلىپ ، شەپەق نۇرىغا ئوخشاش رەڭلىرى ئوچۇق بېرىلگەن ، ئازادە ـ كۆركەم ، سىزىقلىرى ئېنىق بولغان دوسـتىنى ئۇزىتىش سۇرىتىنى نامايان قىلىدۇ . بۇنىڭدىكى شېئىرى ھېسسىيات گۈزەل ، ئاددى، لېكىن تەبىئى ئوبرازلىرى كونكىرىتنى بولغان بىلەن بەكمۇ جانلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

(3) كونكىرىت، جانلىق، ئوبرازلىرى چىن.

لىڭ شېن ئىجتىمائى تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىشكە ئاساسەن ھاسىل قىلغان تەجرىبىسىگە ئاـساسەن ، مول تەسەۋۋۇر ۋە مۇبالىغىلەشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، نۇرغۇنلىغان كونكىرىتـنى جانلىق ئوبرازلارغا ئىگە شېئىرىي مىسرالارنى ئىجات قىلدى . تاغنىڭ ئېگىزلىگىنى يازغاندا : " بۇلۇتلار ئۇچۇپ چىقالماس چوققىغا " دەپ ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى يازغاندا : " قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ ھەرگىز نېرىغا " دەپ چۆل كەڭلىگىنى ئوخشاتتى . " ئىس ـ تۈتەك ، تۇمان ـ توزاڭـلار جۇرئىتى يوق ئۇچقىلى " ، " كەگرى ئاسمان ئۈستىدە كۈن نۇرى يەتمەس چېكىگە " دىگەندەك سوزلەر بىلەن دالىلارنىڭ كەڭ ، چوڭلىغىنى ئىپادىلىسە ، " ئات بىلەن قۇشتەك ئۇچۇپ " ، " ھەر سەكرەشتە يول قىسقارغاي بىر تالاي " دىگەندەك ئوخشىتىشلار بىلەن ئات بىلەن يۈرۈشنىڭ ناھايىتى تېزلىگىنى تەسۋىرلەيدۇ . بۇ سوزلەر ناھايىتى تاۋلانغان ، پىششىقلانغان بولۇپ ئوبرازـلار يېڭى تۇيۇلىدۇ . بولۇپمۇ بەزى ئابىستىراكتنى شەيئىلەر ئاپتۇرنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا كونكىرىت ، جانلىق نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ . مەسىلەن: شائىر چېگـرا جايلارنىڭ سوغۇقلىغىنى يازغاندا :

چۈشسە قار چەكسىز زېمىن تولغايدۇ بىر پەستە تامام،
ئات تۇياغىدىن تاقا چۈشۈپ قالادۇر ۋەسسالام.

( « لۇنتەيدە ناخشا بىلەن فىن دافۇنىنىڭ لەشكەر تارتىپ غەرپكە يۈرۈش قىلىشىنى ئۇزىتىش » )

تۈمەن يوللار ياتىدۇ قېلىن قارنىڭ تېگىدە،
قورۇق سوغۇق دەستىدىن مۇزلار كېلەر مىڭلاپ جاڭ.
سەركەردىمىز يىگانە، ئىسسىنالداي ئۆتتىلەر،
مەھكىمە قېلىچىدا يېرىلغۇسى مۇز ھامان.

( « تيانشان قارلىقىدا ناخشا ئوقۇپ شياۋجېڭنى پايتەختكە ئۇزىتىش » )

قېلىن پەردە، چېدىرلار بارى نەمخۇش، تارتتى زەي،
يالغۇز يېتىپ سوغۇقتىن ئىسسىنالماي قاخشىدۇق.
سەركەردىنىڭ بۇرغىسى كەتتى سوغدىن يېرىلىپ،
تۆمۈر كىيىم بەرسىمۇ مەھكىمىدىن زارلىدۇق.
يۈزلەپ ـ مىڭلاپ جاڭ كېلەر بۇندا تۇتقان مۇز دالا،
بۇلۇتلارمۇ ئاسماندا مۇزلىدى دەپ ئويلىدۇق.
ياققان قارلار دەستىدىن ئېچىلمايدۇ ئىشىكلەر،
توڭلىغاچ تۇغ ـ ئەلەم لەپىلدىمەس، قارىدۇق.

( « ئاق قار ناخشىسى بىلەن ليۇ تۇتقاۋۇلنى پايتەختكە ئۇزىتىش » )

دىگەندەك مىسرالارنى ئىشلەتكەن . شائىر ئات تۇۋىقىنىڭ مۇزلاپ تاقىلىرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ، يالغۇز يېتىپ ئىسسىنالمىغانلىقىنى ، بۇرغىلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ، ھەتتا بايراقلارنىڭمۇ توڭلاپ قېلىپ لەپىلدىمىگەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق جانلىق ، كونكرېت ئوبرازلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىنى كېڭەيتىپ ، ھېسسىياتىنى ئۇرغىتىدۇ ۋە شېئىرى پىكىر ئىچىگە باشلاپ كېلىدۇ . بۇ ، كىشىلەرگە ئۆزىمۇ ئەشۇنداق مۇھىتتا تۇرىۋاتقاندەك سېزىم پەيدا قىلىدۇ . بۇنداق مەنزىرە ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ، تىل ئارقىلىق قەلبنى ئىزھار قىلىش ، ئابستىراكتنىلىقنى ئوبرازلىققا ئىگە قىلىشتەك ئىپادىلەش ئۇسۇلى كۆرۈنەرلىك بەدىئى نەتىجە بېرىدۇ .

شائىر ئوبرازلىرىنى تەسۋىرلىگەندە ئۆتكۈر قەلەم ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ ، ھەركەت ئۇستىدىكى ۋە ناھايىتى تېزلا غايىپ بولىشى مۇمكىن بولغان ئوبرازلارنى تۇتۇۋالالايدۇ . مانا بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا يېرىك ، مەردانە تەسىراتنىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى ، مول ، يېڭى ئالاھىدىلىكىنى ، نۇرلۇق رەڭگىنى بېغىشلىغان . مەسىلەن : " ئامبالنى مۇھاپىزەت قىلىپ چىلان تورۇق ئاتتا ماڭغاندا يېزىلغان شېئىر » دىگەن شېئىردا مۇنداق يازىدۇ:

جانا پىلەرنىڭ ئېتىنى سۈرەتلەشكە قىزىرىم يوق،
ئوخشار ئۇ كۆلۈپ تۇرغان شاپتۇلنىڭ چېچەكىگە.
قىزىل گىلاس ۋە ياكى قىزىل مارجان، ياقۇتتۇر،
قاش تېشىدۇر ئېگىرى، ئالتۇن تامام ئۈزەڭگە.
قامچا تەگمەي پۇلاڭلاپ قويۇلسىلا تەر ئاقار،
چاپقاچقا ئۇ سايىسى كۆرۈنمەيدۇ كۆزلەرگە.
مىدىرلىسا گىيالار ئۇچار يەنە كۆچ بىلەن،
بۇركۈتلەرنى قالدۇرۇپ ئۇزاقلارغا ـ كەينىگە.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سۈرەتلەپ چىققان تورۇق ئاتنىڭ جانلىق، ھەيۋەتلىك ئوبـ
رازى، ھەقىقەتەن كىشىگە ھەيران قالدۇرارلىق تەسىر بېرىدۇ.

(4) تىلى راۋان، مىسرالىرى قىسقا ۋە مەزمۇندار.

لىڭ شېنىڭ تىلى ناھايىتى راۋان، جىپسىلىشىپ كەلگەن، خۇددى ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى تۆركەشلەپ شەرققە ئېقىپ تىز سۈرئەت بىلەن مىڭ يوللۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرى بولغان « ئاق قار ناخشىسى بىلەن ۋۇ تۇتـ قاۋۇلنى پايتەختكە ئۇزىتىش » دىگەن شېئىرىنى كۆرىدىغان بولساق، ھەر مىسراسى 7 خەتتىن تۈزـ لىپ، ھەر ئىككى مىسراسى ئوخشاش قاپىيىلەنگەن. رىتىملىرى ناھايىتى تېز، جانلىق بىلىنىدۇ. خەت ۋە مىسرالار بىر خىل تۇراق گۇرۇپپىلىرىغا تەشكىللەنگەن بولۇپ مۇزىكىلىق تەسىر بېرىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلىرى شېئىرنىڭ شەكىل گۈزەللىكىگە ۋە ئاھاڭدارلىقىغا ئىنتايىن ئەھـ مىيەت بەرگەن ھالدا يېزىلغان. بۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئى تارتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماسـ تىن، لىڭ شېن شېئىرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈ ـ رۈپ بېرىدۇ.

لىڭ شېن سۆزلەرنى تاۋلاپ مىسرا تۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، تىلىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كىشىگە يامان تەسىر قىلىدىغان، قوپال، شاۋ ـ شۇۋ سۆزـ لەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن: « ئات بىلەن ئۇچۇپ ئۆتكەي قۇش بولۇپ »، « كۈن نۇرى يە ـ تەلمەس چەت ئېرىغا » ( « ۋۇۋېيدىن تۇتقاۋۇل ليودەننى ئەنشىنى باشقۇرۇشقا ئۇزىتىۋېتىپ كاۋ ـ كەيفۇ مەھكىمىسىگە تەقدىم » دىن ) « قوم ـ توزاڭسىز چاپلىشار ئات تەرىنىڭ ئۈستىگە، تۇمان بىلەن تۇتەكتىن ئايلىنىدۇ لايغا ئۇ » ( « لۇڭشەندىن تۇنجى قېتىم ئۆتكەندە يېزىق ئارقىلىق تۇتـ قاۋۇل بەككە تەقدىم قىلىندى » دىن ) « چەت ـ چېكى تۈگىمەي يەرنىڭ ئاخىرى، يەككە ـ يىگانە شەھەرنىڭ قالدى بىرلا ئاسمىنى» ( « ئەنشى مەھكىمىسىدە تۇرۇپ چاڭئەننى ئەسلەش» دىن) قا ـ تارلىق سوزلەرنىڭ ھەممىسى شېئىر مىسرالىرى ئىچىدە بىر خىل گۈزەل شەكىل پەيدا قىلىش رو ـ لىنى ئوينىغان. لىڭ شېن شېئىرلىرىنىڭ بەزىسى ئۈچ خەت بىر مىسرا، بەزىسى 6 خەت بىر مىسرا، 8 خەت بىر مىسرا ۋە 10 خەت بىر مىسرا بولۇپ تۈزۈلگەن. بۇنداق ئەنئەنىۋى كونا قېلىپقا چۈ ـ شۈرۈلمەي بىر خىللا ئۇسلۇپتا ئىپادىلىنىدىغان، بىرلىككە كېلىش ئاساسىدا ئۆزگىرىشچانلىققا ئىنتىـ لىشتەك مۇستەقىل ئىجاتچانلىق روھ، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك.

شائىر خەلق ئارىسىدىن تىل جەۋھەرلىرى تېپىپ قوبۇل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەر ـ

گەن. ئۇ مۇزىكا مەھكىمىلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، چۈشىنىشلىك بولۇشتا گەپ قىلغاندەكلا بولۇشقا، ئاممىباپلىققا ياتىدىغان تىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان. بۇنىڭغا گۈزەل، تەسىرلىك شېئىرىي پىكىر ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، يېقىشلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. مەسىلەن: ئۇ: «لياڭ جۇ مەھكىمىسىدە ھەر قايسى تۇتقاۋۇل بەگلەر بىلەن كېچىسى جەم بولۇش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئەگىم، زىلال ئاي چىقتى بۇ شەھەرنىڭ ئۈستىگە،
شەھەر ئۈستىگە چىققان ئاي يورۇتىدۇ لياڭجۇنى.
لياڭجۇ كېچە يەتتە يول، ئائىلىلىك ئون تۈمەن،
خۇ كىشىسى يېرىمى، چېلىشىدۇ پىپانى.
پىپا كۈيى ياڭرىسا يايراپ كېتەر كۆڭۈللەر،
ئىللىق شامال كەزگەندەك بولار شۇ دەم دۇنيانى.
خېشى پەردە ئىچىدە ياشار كۆپرەك كونىلار،
تېپىشقاندەك كونىلار ئەندى بىردىن پانانى.
گۈللۈك ئىشىك راۋاقتىن كۆرىنىدۇ كۆزگى چوپ،
يوقسۇل ـ نامرات كۆز تىكەر ئىزدىگەندەك بوۋايىنى.
بىر ئۆمۈردە نەچچە رەت كۈلۈپ ئۆتەر بىر ئادەم،
جام بىلەن مەي تېپىشسا مەس بول ئۇنتۇپ جاپانى.

يۇقۇرقى مىسرالاردا نا تونۇش، بەكمۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر تېپىلمايدۇ. شۇنداقلا، قەدىمقىلار ئىشلىتىدىغان غەلىتى، چۈشىنىكسىز ئىبارىلارمۇ يوق. بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك گەپ قىلىۋاتقانغا ئوخشاش تىزىلغان، ئەمما، راۋان ۋە ھېسسىياتقا باي. ئۇ شائىرنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ئۆزىگە خاس رەڭدارلىققا ئىگە.

شېئىرنىڭ قىممەتلىك يېرى — نەپىسلىك ۋە تاۋلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. لىڭ شېننىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ئاددى، قىسقا. ئۇ سۆز ۋە مىسرالىرىنىڭ تاللىنىش بىلەن تاۋلىنىشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ھېمىشە بىر نەچچە مىسرالار بىلەن مۇرەككەپ، مول ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ «پايتەختتىكە باردىغان ئەلچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

بۇ قەدىم دۆلەت زېمىندىن قارىسام مەشرىق تامان،
كۆرىنەر كۆزگە يىراقتىن يوللىرى ئەگرى ئۇزاق.
ئىككىلا يېڭىم بىلەن سۈرتتۇم يېشىمنى توختىماي،
قۇرىماستىن كۆزلىرىم قالدى ياشلىنىپ، بىراق؛
ئۇچرىشىپ قالغاندا يوق يېنىمدا قەغەز يا قەلەم،
ئۇ جاناپقا گەپ بىلەن قىلدىم بايان دەرت ۋە پىراق.

ئايرىلىش — جۇدالىق ھېسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەيتاي دىسە تۈگىمەس گەپ-

سۆزلەر بولغاندىمۇ شائىر ئازلا سۆز، قىسقا مىسرالار ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ قىسقا مىسرالار ئۆز ئىچىگە ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى يىغىنچاقلىيالىغان.

× × ×

گاۋشى، ۋاڭ چاڭلىڭ ۋە لىڭ شىنلەر، تاڭ سۇلالىسى ياشىغان دەۋردىكى چېگرا شېئىرلىرى يازىدىغان شائىرلارنىڭ تالانتلىق ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى قىزغىنلىققا تولغان، ھېسسىيات ئۇرغۇپ، تېشىپ تۇرغان ئەسەرلەردۇر. شۇنداقتىمۇ، لىڭ شىن شېئىرلىرى يەنە ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرى گاۋشى شېئىرلىرىدەك كەڭرى، بۇرۇلۇشچان ئەمەس ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭدەك كۈچلۈك ئەمەس. شۇنداقلا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋاڭ چاڭلىڭ شېئىرلىرىدەك ئىللىق، ئەۋرىشىم ۋە سىلىق ئەمەس. بەلكى جىددىي، ياڭراق ھەمدە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە. شۇڭا بۇرۇندىن تارتىپ داڭلىق ئەسەرلەر، دەپ تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. دۇفۇ «لىڭ شىننىڭ جيا جۇ شېئىرلىرى» غا يازغان مۇقەددىمىسىدە: «...كىشى كۆپرەك ئالاھىدە بىر مۇھىتقا كىرىپ قالىدۇ. قايتىپ چىققان چاغدا يېتىم ـ يىگانىلىق ھېس قىلىدۇ. دائىملىق ھېسسىياتنى چەقىش قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىرلارنىڭ داۋاملاشتۇرغىدەك يېرى قالدۇرۇلمىغان...» دەپ يازغانىدى. بۇنىڭدىن، لىڭ شىن شۇ چاغدىلا ھەممەيلەنگە تونۇش بولۇپ ماختاشقا سازاۋەر بولغان. شائىر دۇفۇ «جيا جۇدىكى لىڭ شىنغا تەقدىم» دىگەن شېئىرىدا: «رەخمەت سىزنىڭ نەزمىڭىزگە، كۆپ ئوقۇپ ئالدىم ھوزۇر» دەپ يازغان. رەخمەت ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنى لىڭ شىن بىلەن سېلىشتۇرغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش قىيىن ئەمەسكى، دۇفۇ لىڭ شىن شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن.

يەر ـ زېمىن ئايلىنىپ تۇرماقتا. ھېساپسىز زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. لىڭ شىن شېئىرلىرى 1200 نەچچە يىللىق تارىخنىڭ سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا پارلاق نۇر چېچىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. بىز بۇ قىممەتلىك ئەدىبى مىراسنى ئاسرىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز ۋە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە
1982 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن. سەمەت دۇگايلى تەرجىمىسى.



AltunOq

# ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە

يۇسۇپ تۇرسۇن

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان تىل جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت 3 جەھەتتىن نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ئەڭ سەزگۈر ۋە ئىنكاسچان كېلىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدە، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەپەككۇر تەرەققىياتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆز ئىبارىلارنىڭ ئۆزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ لۇغەت تەركىبىنىڭ بېيىپ بېرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى "سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، سودا ۋە ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، تېخنىكا ۋە پەننىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى سۆز ئىبارىلەر بىلەن تولۇقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىل بۇنداق ئېھتىياجنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ لۇغەت تەركىبىنى يېڭى سۆزلەر بىلەن تولۇقلاپ تۇرىدۇ ..........» ①

ستالىننىڭ لۇغەت سوستاۋى تەرەققىياتىغا بەرگەن بۇ تەبىرى ماركسىزىمنىڭ تىلشۇناسلىقتىكى ئىنكاسى بولۇپ، بۇ، ئوبيېكتىپ ئەھمىيەتتىن كەلگەن، ھەر قانداق شەيئى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىغا ئىگە بولغىنىدەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى، جۈملىدىن، لۇغەت تەركىبىنىڭ يېڭى سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاش قانۇنىيىتى مەلۇم تىلشۇناسنىڭ ئىرادىسىدىن مۇستەسنا ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن خالىي ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلى ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەر خىل يېزىق سىستېمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي - مىراسلىرىنى دەۋرمۇ - دەۋر كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر تىلىدا دۇنيادا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى شەيئى ۋە ھادىسە ئەمەس، ھەتتا ئەلىمساقتىن تارتىپ روھىي دۇنيادىكى مەۋھۇم چۈشەنچىلەر — تۆتېم، شامان، زەردۇش، بۇددا ۋە ئىسلام ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەر قەيت قىلىنىپ ۋە تەربىيە قىلىنىپ ئۆزىنى ئالاقىلىشىش قورالى قىلغۇچى خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى دۇنياغا نامايەن قىلىپ، ئىلغار تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

① ستالىن: ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمدارلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ياۋروپا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى مەدەنىيەتتە خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىنچىكە ئوبرازلارنىڭ ئەڭ نازۇك پىسخولوگىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا بىمالال ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىپادىلەش ئۇنۇمى يۇقىرى پاساھەتلىك تىل بولۇپ شەكىللىنىشىدە چەتتىن كىرگەن سۆز-ئاتالغۇلارنىڭمۇ مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ نۇقتىدا فرانسىيە، تۈركىيە تىلشۇناسلىرىغا ئوخشاش «تىلىمىز ساپ تەرەققىي قىلغان تىل» شۇئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىل تەرەققىياتىنىڭ ئەسلى ئەمەلى ئەھۋالىنى ئىنكار قىلغۇچى بىرەر ئۇيغۇر تىل خادىمى تېخى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق، شۇڭا بۇ يەردە ئۇيغۇر تىل تەرەققىياتىدىكى چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ھەققىدە بىرمۇ-بىر توختۇلۇپ ئۆتۈشۈمىزمۇ ھاجەتسىز. بۇ، ئومۇملۇق.

لېكىن ئەنە شۇنداق ئىپادىلەش ئۇنۇمى يۇقىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى كونكرېت ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق بەزى ئىختىلاپلىق ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەر يولغا قويغان، ئۆز تىل ئۈستىدە ھەر قايسى تارماق ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، جۈملىدىن چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنىمۇ تىلشۇناسلىقنىڭ تەركىۋى قىسمى ھېساپلاپ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقا بولغان كۆز قاراش، مەنبە ۋە ئۇسۇلدىن ئىبارەت 3 نۇقتىدىن مۇجەسسەملەشكەن بىر ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇپ چىققانلىقىمىز ئۈچۈن، چەتتىن كىرگەن سۆز ئاتالغۇلار تىلىمىزدا خۇددى قانۇنىيەتسىز بىر دۆۋە سۆزلەر يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. نەشرىيات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىمىزدا چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقا بولغان كۆز قاراش بىرلىككە كەلمەيۋاتىدۇ.

ئاپتور، ئوقۇتقۇچى، تەھرىر ۋە تەرجىمانلىرىمىز يېزىقچىلىق تەرجىمە ۋە نۇتۇق پائالىيەتلىرىدە تىلىمىزدا ئىپادىسى يوق يېڭى ئۇقۇملارغا دۇچ كەلگەندە، شۇ ئۇقۇمنى بىلدۈرگۈچى چەتتىن كىرگەن سۆزلەرگە بىزار بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ يېڭىدىن سۆز ياساپ قويۇش (مەسىلەن: تۇس ئالغۇ (دەنشىجى) كىر ئالغۇ، (شىيىجى)، ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى ئاپتورلىرىمىز شېئىرى ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، پروزا ئىجادىيەتلىرىدىمۇ كۆپچىلىك خەلق ئاممىسى ئاڭلاپ باقمىغان ئەرەپچە-پارىسچە سۆز ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. بەزىلەر روس تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنى 25 يىلدىن بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلەپ، خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىق ئىككى ئېغىز گىرېكچە-فرانسۇزچە سۆزلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى «ئارىستوكرات» ھېساپلىۋالغىنىغا ئوخشاش، ئۆز ئەسەرلىرىنى تىلىمىزدا ئىپادىسى بولسىمۇ قارىماي، بىر دۆۋە روسچە ئىبارىلەر بىلەن توشقۇزۇۋاتىدۇ. روس ۋە ياۋروپاچە ئاتالغۇلارنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش، ئەينەن خاتىرىلەش، ھەتتا ئۇرغۇسى قايسى بوغۇمىغا چۈشىدىغانلىقىغىچە دىققەت قىلىپ، تەلەپپۇزىمىزدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بەزىلەر خەنزۇچە سۆز ئاتالغۇدىكى بىر بوغۇمدا كېلىدىغان *iao*، *uai* غا ئوخشاش 2-3 سوزۇق تاۋۇشنىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن خاتىرىلەشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر مەخسۇس ماقالىلار يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا بۇرۇندىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر تىلى فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى يار بەرگەن دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان (كۇن) ئارپا، شاڭ خو، شۇمپەن دېگەندەك سۆزلەرنى 笑话 (شياۋخۇا)

|X|刈刂 (شىۋك فەن) دېگەنگە ئوخشاش ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . بەزى تۈرمۇشقا دائىر ئەسەرلەر ۋە ماقالىلاردا ئەدەبىي تىلىمىزدا بار تۇرۇپ دىيالېكتىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ، ئەرەبچە، پارسچە ، روسچە ، خەنزۇچىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تىلىمىزدا مەنىداش سۆزلەرنى كۆپەيتىۋېتىپ ئەدەبىي تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئوڭايسىزلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئەسلى تىلدىمۇ قېلىپلىشىپ بولغان بىر ئۇقۇمنىڭ بىر نەچچە خىل ئاتىلىشى تىلىمىزغا تەڭ كىرىپ ماقال-ئەسەرلەردە لەيلەپ يۈرۈيدۇ . بەزىلەر سول قىياپەتتە مەيدانغا چىقىپ تىلىمىزنى ساپلاشتۇرۇش، چەتتىن سۆز- ئاتالغۇ قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە سۆزلىسە ، بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچە پارسچە ، روسچىدىن كىرگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ياكى دائىرىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن سۆزلەر بىلەن چەكلەش ياكى چىقىرىۋېتىش ھەققىدە تەكلىپلەر بىرىۋاتىدۇ ۋە باشقىلار .

تىلىمىزدا ساقلانغان يۇقۇرقى مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقىلغاندا ، چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقا بولغان كۆز قاراش، ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىدىغان ئاساس مەنبەنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىن ئىبارەت 3 نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ .

تىلىمىزدا سۆز- ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىدە بۇنداق تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرەلمەسلىك مەسىلىلىرىنىڭ ساقلىنىشى تەسادىپى ھادىسە ئەمەس ، ئۇنىڭ بىر قاتار سىياسى ئىجتىمائى سەۋەپلىرى بار ، يېقىنقى يىرىم ئەسىردىن بۇيان ، بىر تەرەپتىن دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى خەلقارا مۇناسىۋەتنىڭ كېڭىيىشى، پەن، مەدەنىيەت ، تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تىلىمىزغا تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاتالغۇ قوبۇل قىلىدىغان مەنبەلەردە قايتا ـ قايتا ئۆزگىرىش بولۇپ چىگىش ـ مۇرەككەپ ھالەت يۈز بەردى .

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان قالاقلىق، قاششاقلىق ، جاھىللىقتەك فېئوداللىق ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان ھەر خىل دائىرىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپلىرىنىڭ بەدىلىگە گېزىت ـ ژۇرناللىق ۋە مەتبۇئات يۈزىگە ئېرىشكەن دەۋرى — دەل دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەسىر دائىرە بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىنىڭ بىردەك تىرىشىۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى ئۇنىڭ تەسىرى رايونىمىزنى مەخسۇس ساھەلەر بويىچە تەتقىق قىلىش خىزمىتى قايرىلىپ قېلىش ، تىلىمىزدا يۇقۇرقىدەك مەسىلىلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا كەڭ يول ئېچىلدى .

ئەلۋەتتە پەندە تۈپ-تۈز يول يوق، مەدەنى-مائارىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلغىلى ئۇزۇن بولغان رايونىمىزنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىدا ، تىل-يېزىق خىزمىتىدىمۇ بەزى ئەگرى ـ توقايلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي ، لېكىن بىزنىڭ بىر دەۋردە باسقان ئەگرى ـ توقاي يولىمىز ، ئىككىنچى دەۋردە توغرا يۈرۈش تېپىشىمىزغا تارىخى ساۋاق سۈپىتىدە خىزمەت قىلىش، موھىم راقى بىز ئۇنىڭدىن ئەمەلى يەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بىز بىردەم ھەر ساھەلەر بويىچە ئەرەپ ـ پارسچە سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلساق، بىر دەم توساتتىن پەيدا بولغان سىياسى خاھىش يۈزىسىدىن، قوبۇل قىلىنغان بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىمىزدا ئورنىدىن ئۇنىڭغا قارىماي روس تىلى

ئۆگىنىش شۇئارى ئاستىدا، روسچىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتەك، ئازاتلىقتىن بۇرۇن باسقان بۇ خاتا يولنى، ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ تەكرار باستۇق. 50 نەچچىنچى يىلى چاقىرىلغان مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى خەنزۇ تىلىدىن يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش يولى بىلەن تولۇقلاش ۋە بېيىتىش-ئۇيغۇر تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى» دېگەن پىرىنسىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن روس تىلىدىن كىرگەن سۆز-ئاتالغۇلىرىنى تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن-ئۆزلەشمىگىنىگە قارىماي بىر تېپىك بىلەن تەرك ئېتىپ، خەنزۇ تىلىدىن ساھەلەربويىچە قارا-قويۇق سۆز قوبۇل قىلغاننىڭ ئۈستىگە، مەتبۇئاتتىكى مەتبە قېلىپچىلىقىنى يېگىش، يېزىقتا خەنزۇ تىلىنى ئەينەن ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھىسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى يارىتىۋالدۇق ھەمدە ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا بولمىغان *ch* *zh* *sh* قوش ئۆزۈك تاۋۇشنى رەسمىي قانۇنلاشتۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇلارنى قانداق تەلەپپۇز قىلىش ۋە قانداق خاتىرىلەش ئۇسۇلىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرەلمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى.

ھازىر تىلىمىزدا ساقلانغان يۇقۇرقىدەك مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقارغان يەكۈنىمىز سولچىللىق ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى تۈپەيلىدىن بولدى، دېيىلىۋاتىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا بۇ يەكۈن بىرتەرەپلىمىلىكتىن خالى ئەمەس، بىر قاتار سولچىللىق ۋە چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلگەنلىكىمۇ بىر سەۋەپ. لېكىن ھەر بىر باسقۇچتىكى تىل خىزمىتىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگۈچىلەر، پىكىر قاتناشتۇرغۇچىلار ئۆزىمىز ئىدۇق، پەلسەپىدە ئىچكى ئامىل ھامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا تىل خىزمىتىنى سېستىمىلىق ئىشلەش ئۈچۈن ماددى ئاساس يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، تىلىمىزنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت پىكىر بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ داۋاگەرلىرىدىن بولىشىمىز، زۆرۈر خىزمەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆزلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بىز نوقۇل چوڭ دۆلەت ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە ئېغىپ، ئۆزىمىزنىڭ تىل ھەققىدىكى خىزمەتلىرىمىز بىلەن كارىمىز بولمىدى.

لىن بياۋ، جياڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مەتبۇئات - نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى نىسبەتەن جۇشقۇن تۈس ئالدى. ئۇيغۇرلاردىمۇ پەننىڭ ھەر ساھەلىرىگە ئائىت بۇرۇن قىلالمىغاننى قىلالايدىغان، سۆزلىيەلمىگەننى سۆزلىيەلەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. شائىر ۋە ھېكايە يازغۇچىلىرىنىڭ سانى كۆپەيدى. تەرجىمە ئىشلىرىمىز كەڭ قانات يايدى. مەتبۇئات نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ سۈرئىتىدە سىلجىش بولدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا تىلشۇناسلىقىمىز پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئالاقىدار تىل مەسىلىسىدە كۆرۈلىۋاتقان ئوڭۇشسىزلىقلارنى كونترول قىلىش ۋە بىر يولى ھەل قىلىشقا يۇقۇرقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا ھازىر تىل ئىشلىتىشتە يۇقۇرقىدەك رەڭگارەڭ ئىللەتلەر كۆرۈلىۋاتىدۇ. تىل ھەققىدە، جۈملىدىن ئاتالغۇلار مەسىلىسىدە، ئوخشاشمىغان ھەر خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتىدۇ.

1980 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا يېڭى ئاتالغۇلار مەسىلىسىدە «ئاز سان-

لىق مىللەتلەر تىلىنى خەنسۇ تىلىدىن يېڭى ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىش يولى بىلەن تولۇقلاش ۋە بېيىتىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقەررەر بۇزۇلىنىشى» دېگەن ھۆكۈمنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكى ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنىدىغان مەنبەئدە، چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش، چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئالاقە ئەھمىيەتىمىزدا تۇتقان ئورنىغا توغرا باھا بېرىش، قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدا ئۆز تىل خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى.

× × ×

ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنىدىغان مەنبەدە ئۆز نەسەپ شەجەرىلىرى ئاساسىدا، ئۆزى تەۋە بولغۇچى تىل سىستېمىلىرىدىن ياكى قېرىنداش تىللاردىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، ئۆزلىكىسكا سۇستاۋىدىن تولۇقلاش ۋە بېيىتىشتا ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. گەرچە تۈركى مىللەتلەر بەزى سىياسى-ئىجتىمائى سەۋەپلەر بىلەن، مۇستەقىل سانائەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، سانائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىكى سۆز ئاتالغۇ مەسىلىسىدە، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئەھمىيەتىنى قامداپ كېتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى تىل سىستېمىلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ. لېكىن تۈركى مىللەتلەرمۇ ئايرىم ھالدا مەلۇم ساھەدە كۆپرەك شۇغۇللانغانلىقتىن شۇ ساھە ئاتالغۇلىرىنىڭ مولىقى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، شۇڭا ئۇلار مۇشۇ ساھەنىڭ ئاتالغۇلىرىغا باي بولغان ئۆزبېك، تاتار مىللەتلىرى تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئىنچىكىرەك ئايرىيدىغان خەلق بولغاچقا، ئۇلاردا تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپرەك، شۇڭا مۇشۇ ساھەدە يېڭى ئۇقۇمغا دۇچ كەلگەندە، قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدىن مەخسۇس ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

" جيەن " سۆزى خەلقىمىز ئارىسىدا ئەزەلدىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەدىنىڭ يولدىشى قېيىنسى ئاكا دەپ ئاتىغانىۇ، ئالدىدا " ئاكا " دېيىشكە توغرا كېلەتتى يېقىندىن بۇيان قازاق ئارىسىدىن كەلگەنلەر ئارقىلىق « جىيزدې سۆزى ئومۇملىشىۋاتىدۇ. تاتارلار ھەدىسىنىڭ يولدىشىنى "جىيزنى"،قازاق "جىيزدې " دەيدۇ. دىبەك " جيەن " دېگەن سۆزگە تومۇرداش، شۇڭا بىز بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قىلدۇق. ئۇندىن باشقا قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار تىللىرىدىن: بەربىر، ئېيتاۋۇر، قۇۋ ئاساۋ، تۇل، سىيىر، يولۇچى دېگەن سۆزلەرنى كەڭ تۈردە قوللىنىۋاتىمىز، شۇنداقتىمۇ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقا ھاجىتىمىز چۈشمەي، پەقەت پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھەر ساھەگە ئائىت ماتېرىياللىرىغا مۇراجەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا تىلىمىزدا مەنىداش سۆزلەرنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. ( مەسىلەن: ئاغا، قورا ) دېگەندەك.

تامامەن باشقا سىستېمىدىكى تىللاردىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، ئاتالغۇ قوبۇل قىلغۇچى تىلنىڭ ئالاقە ئەھمىيىتىدە دائىم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. مۇئەييەن تارىخى شارائىتتا، پائالىيەتچان ئورۇندا تۇرسا، كونكرېت تىل تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا بېرىش سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىشى ئارقىسىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپمۇ قالىدۇ. لېكىن كونكرېت تىل باشلانغۇچ ئىنسانىيەت تىلىدىن كۆپ كېيىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھامان

ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە، شۇڭا تىلدا ئۆز ئارا ئالمىشىش جەمىيەت تەرەققىياتىدا كۆرۈلىدىغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال، چۈنكى پۈتكۈل تارىخى جەرياندا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچەملىك نامايەندىسى سۈپىتىدە قەد كۆتىرىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت يوق. ھەر قانداق تەرەققىي قىلغان دۆلەت، رايون ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىمۇ، مەلۇم مەنىدە، مەلۇم تارىخى باسقۇچتا، باشقا دۆلەت، باشقا رايون ۋە باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەمەرلىرى بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. تىل خۇددى مەدەنىيەتكە ئوخشاشلا ئۆز ـ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ. پۈتكۈل تارىخى جەرياندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگۈچى مۇقەددەس تىل يوق. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئالاقە قورالى ھېساپلانغان قەدىمكى خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، ئەرەپ تىلى، گىرېتسىيە تىلى ۋە لاتىن تىللىرىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ئىلگىرىكى بىردىن ـ بىر ئاساس تىللىق رولىنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى دۇنيادا 3 مىليارتتىن ئارتۇق ئادەم ئالاقىلىشىش قورالى قىلىۋاتقان ئېنگىلىز تىلىنىڭ ئېلىشى، ئىلگىرى ئاتالمىغان روس ۋە ياپون تىللىرىنىڭمۇ ھازىر ئاساسى تىل بولۇپ سانىلىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تىرىكچىلىك ۋاستىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، تەرەققىيات جەريانلىرىدىكى كۆچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، ئىجتىمائىي شارائىتتا سىلجىش بولغاندا، ئەسلى شارائىتتا بولمىغان ( تىلدىمۇ ئىپادىسى يوق ) يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۆز تىلىدا ئەشۇ يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان تەييار ماتېرىيال بولمىسا، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز لوغەت سوستاۋىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆپىنچە تىلشۇناسلار ئېنگىلىز تىلىنى ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقۇرى، لوغەت سوستاۋى باي تىل دەپ باھا بېرىدۇ. دەرۋەقە ئېنگىلىز تىلىنىڭ لوغەت سوستاۋى مول. ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقۇرى. ئېنگىلىز تىلى ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە قاتارلىق 12 دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئانا تىلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئافرىقىدىكى 19 دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىمۇ مۇشۇ تىلنى ئىشلىتىدۇ. ئىپادىلەش ئۈنۈمىنىڭ يۇقۇرىلىقىدا، ئۇنىڭ 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئېنگىلىز تىلىغا قېلىپلىشىشىمۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ پۈتۈن غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالى ئامېرىكىدىكى ئورغۇنلىغان ئەللەر خەلقىنىڭ تىلىنى يۇزلەپ، مىڭلاپ قوبۇل قىلىش ھېساۋىغا بۈگۈنكى ھالىتىگە يەتكەن. چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، ئېنگىلىز تىلى ئومۇمى لوغەت سوستاۋىنىڭ 30 ـ 40% نى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

| روس تىلى | | ئىتالىيە تىلى | |
|---|---|---|---|
| ВодКа | ( ۋوتكا ھارىقى ) | unbrella | ( كۈنلۈك ) |
| Тсар | ( پادىشا ) | studio | ( ئىشخانا ) |
| Самавар | ( ساماۋەر ) | fresco | ( تام رەسىمى ) |
| Рубле | ( پۇل بىرلىكى ) | wolkano | ( يالقۇن تاغ ) |
| Погром | ( قىرغىنچىلىق ) | bandit | ( قاراقچى ) |

Тройка ( مەپە )
Спутник ( سۈنئى ھەمرا )

*inferno* ( تۈرمە )
*piano* ( رايال )
*opera* ( ناخشىلىق دىرامما )

فىرانسۇز تىلى

*bishop* ( باش مۇددەرىس )
*an'gel* ( پەرىشتە )
*abbot* ( مۇناستىر باشلىقى )
*martyr* ( ئەسكىرى قازى )
*sandle* ( شام )

گىرېك تىلى

*auto* ( قارشىلىق )
*hemi* ( ئۆز )
*photo* ( نۇر )
*phono* ( ئاۋاز )
*anthropo* ( ئادەم )
*peycho* ( روھىيەت )
*meter* ( مېتىر )
*gram* ( گىرام )
.... قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر تىلى لۇغات سوستاۋىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدا خۇددى باشقا تىللارغا ئوخشاش، بىر تەرەپتىن ئۆزىدە قېدىمدىن بار بولغان سۆز بايلىقى ئاساسىدا بېيىسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ھېساۋىغا بېيىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى لۇغەت تەركىۋىدە بۇ نۇقتىسىنى ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز. قەدىمقى تۈرك تىلى مەڭگۈ تاش ئېپىگىرافىلىرى ۋە يازما يادىكارلىقلاردا: بۇت، ئىبادەتخانا، پەرىشتە، قوت (بۆرە) قەتلۇق (بۆرى ساڭا ھەمرا بولسۇن)، خۇمارۇ (پەننى نەسىھەت)، سارەت (سودىگەر)، نوم (سۈتىرا) نىسۇ يۇرغا 慈 (رەھىم ـ شەپقەت)، نىلۇپەر 蓮花 … گە ئوخشاش سوغدى تىلى، قەدىمقى ئىران تىلى، سانسكىرىت تىلى، گىرېك تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا ئائىت سۆزلەرنى ئەرەپ ـ پارس تىلىدىن كىرگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مەدىنى ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ساقلىقنى ـ ساقلاشتىن ئىبارەت تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەلىرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىشلىتىۋاتىمىز.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپ روس تىلى، روس تىلى ئارقىلىق كىرگەن غەربى ياۋروپا تىللىرى ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن كىرگەن سىياسەت، يېزا ئىگىلىك، مەدىنى-مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا، مالىيەسىردا، بىناكارلىق، ھەربى ئىشلار، تەنتەربىيە، ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەككە ئائىت ئاتالغۇلارنى ھازىرمۇ قوللىنىۋاتىمىز، ئالاقە ئىجتىمائىيجەمىيىتىمىزدا پائالىيەتچان رول ئويناۋاتىدۇ. شۇڭا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا تۇتقان ئورنىغا توغرا باھا بېرىشىمىز، بەكمۇ بالدۇر بىزار بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. بۇ نۇقتىدىن "تىلنى ساپلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تاقىۋېلىش" تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا، بۇ كۆز قاراشنىڭ خاتالىقى ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا پاكىت سۆزلەش ھاجەت ئەمەس. 11 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە فىرانسۇزلار تەرىپىدىن 200 يىل مۇستەملىكە قىلىنىپ، فىرانسۇز تىلى ئەنگلىيە ئارىستوكراتلىرىنىڭ زاركون تىلى قىلىنغان، شۇڭا فىرانسۇزلار ئۆز تىلىنى "ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىگۈچى ساپ تىل" دەپ دۇنـ

ياغا چار سالغان. لېكىن يېقىندىن بۇيان فرانسىيە دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى يۇقۇرىدىكى كۆز قاراشتىكىلەر فرانسۇز تىلىدا، ئەينى ۋاقىتتا ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن :

| | |
|---|---|
| *Lehamburger* | (كالا گۆش قاتلىمىسى) |
| *Ledrugstore* | (دورىخانا) |
| *Leweek - end* | (ھەپتە ئاخىرى) |
| *Lestrip - tease* | (ئاق تانسا) |

غا... ئوخشاش يۈزدىن ئارتۇق سۆزلەر ۋە فرانسۇز ئىنگلىز تىل تاۋۇشلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ بىرگە ۋەدە ھاسىل قىلغان بىر مۇنچە سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئوسال بولغان .

تۈركىيە تىلشۇناسلىرىنىڭ تىلنى ساپلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۆچۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ .

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، لۇغات سوستاۋىنىڭ بايلىقىنى سان جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. يەنى، نوقۇل يېڭى سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بۇ نۇقتىنى يورۇتقىلى بولمايدۇ. لۇغات سوستاۋىنىڭ بايلىقى— شۇ تىلدىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگۈچى ئۇقۇملارنىڭ كۆپلىكى، سۆزنىڭ سىمانتىك جەھەتتە ئاڭلاتقان مەنىسىنىڭ رەڭگا - رەڭلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ھالبۇكى ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش— مۇرەككەپ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنى ئايرىم ۋاقىتلاردا تىل - يېزىق جەمئىيىتى تەشكىللىسە، ياكى قانۇنلاشتۇرسا، كۆپىنچە ھاللاردا يېڭى سۆز ئىبارىلەر ئايرىم شەخسى - يازغۇچى، شائىر، نەزىرىيەچىلەر ھەر ساھە ئىشچىلىرى ۋە دېخانلار ئارقىلىق كىرىدۇ ياكى بۇندىن بۇرۇن شۇنداق بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل قوللىنىلغاندىن كېيىن ئومۇمى ئىشلىتىلىدىغان تىل خاراكتېرىنى ئالىدۇ. شۇڭا بەزى سۆزلەر تىلدا ئىپادىسى بولمىغان يېڭى شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ ئالاقە ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، بەزىلىرى بۇ ئۇقۇمدىن بىلدۈرىدىغان مەنداش سۆزلەرنى كۆپەيتىدۇ. بۇنداق ھادىسە ئىنگلىز تىلىدا ئىنتايىن ئېغىر، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ دەرىجىدە ئېغىر بولمىسىمۇ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر سۈپىتىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن: پۈتۈنلەي زۆرۈرىيىتى يوق، دىيالېكتتىن كىرىپ مەنداشلىق ھاسىل قىلغان، ئۆزمە - جۈجەم، ئاچا-ئىسكىچە - ئايلا - ھەدە، خام - ماتا، دادا - ئاتا، ئانا - ئاپا، كاساك - تەڭلە...... گە ئوخشاش سۆزلەر بار. ئەلۋەتتە بۇنداق دىيالېكتتىن كىرىپ مەنداشلىق ھاسىل قىلغان سۆزلەرنى باشقا تىلدىن كىرىپ مەنداشلىق ھاسىل قىلغان سۆزلەردىن پەرقلەندۈرىمىز. چۈنكى بۇ نۇقتىدىكى قىيىنچىلىقنى، شىمالى شىنجاڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلىپ ئورۇمچى دىيالېكتىنى يېتەكچى دىيالېكت سۈپىتىدە ئاساس قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش پىرىنسىپى ئاساسىدا ھەل قىلىش تامامەن مۇمكىن. گەرچە بۇ نۇقتىدا قاتتىق تەلەپ قويۇلمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۆلچەم ئاساسى پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇندىن باشقا بىر ئۇقۇم ھەققىدە روسچە-خەنزۇچە ئاتالغۇلىرى تىلىمىزغا تەڭ كىرىپ مەنداشلىق ھاسىل قىلىۋاتقان-ماتېرىيالىزم، ۋېيۇۋجۇيى، دىيالېكتىكا،

بېيەنجىڭفا، ئۇنۋېرسىتېت-داشۆي، ماتېماتىكا، شۇشۆي، فىزىكا، ۋۇلى، پېنىسىللىن-چىڭمېسۇ، گېنېرال-جياڭ-جۈن دېگەنلەرگە ئوخشاش، پەلسەپە، ئالىي مائارىپ ئورگانلىرى، مەخسۇس پەنلەر، دورا ئىسمى ۋە ھەربىي ئەمەل ناملىرىدا ئائىت سۆزلەر بار. چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا، بىر ئۇقۇم ھەققىدە بىرلا ئاتالغۇ كۇپايە، ئارتۇقىنى تىل قوبۇل قىلمايدىغان ئاساسى مەنبەئىنى تۇرغۇزۇش ئاساسىدا شاللىۋېتىش كېرەك.

ئۇيغۇر تىلىدا قايسى تىلنى سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسى مەنبەئەسى قىلىپ تۇرغۇزۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ پۈتۈنلەي ئىجتىمائى شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك ھەر قانداق دۆلەتتە ئاھالىسى نىسبەتەن كۆپ، ئەترەپتىكى مىللەتلەرگە تەسىرى چوڭراق بىر تىل دۆلەت تىلى قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىشتىكى موھىم ۋاستە قىلىنىدۇ. دۇنيادا تىل ئەڭ كۆپ دۆلەت ھىندىستاندۇ پۈتۈن ئاھالىنىڭ $\frac{2}{5}$ قىسمىنى ئىگەللەيدىغان ھىندى تىلى دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەن، تاجىك، ئۆزبېك، قازاق مىللەتلىرىدۇ ئاتالغۇ بېكىتىشتە بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى ئۆز تىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى ۋە كونا سۆزلەر ئىچىدىكى ھاياتى كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى قېزىپ چىقىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنى ئالدى بىلەن روس تىلى، ئاندىن قالسا خەلقارا ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى، شۇلارنىڭ ئىجتىمائى شارائىتى بەلگۈلىگەن، مەملىكىتىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، خەنزۇ مىللىتى پۈتۈن دۆلەت ئاھالىسىنىڭ 95 % نى ئىگەللەيدۇ، شۇڭا خەنزۇ تىلى — دۆلەت تىلى، ئۆز تىل ماتېرىياللىرىمىز دائىرىسىدىن ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن ئاتالغۇلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنى بىزنىڭ ئىجتىمائى شارائىتىمىز بەلگىلىگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىمۇ ئۇيغۇن، بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىجابىي پايدىلىنىشىمىزغا قۇلايلىق مەلۇم ئىمكانىيەتلەرمۇ بار، خەنزۇ تىلى قوشۇمچىسىز تىل بولۇپ، مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى ئاتالغۇ، بىر ۋە بىر نەچچە ھېرىپلىق بىر ئىسىمنى قوشۇش، ياكى بىر پېئىلغا بىر ۋە بىر نەچچە ئىسىمنى قوشۇش ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسىمنى ئۆز ئارا ئېنىقلىغۇچى مۇناسىۋەتتە قوشۇش يولى بىلەن ياسالغانلىقتىن، ئۆزى بىلدۈرگەن شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە سۆزمۇ - سۆز بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ئاڭلىتالىدۇ. مەسىلەن، 飞行员 ئۇچقۇچى 录音机 ئۈنئالغۇ، 洗衣机 كىريۇيۇش ماشىنىسى، 讲解员 چۈشەندۈرگۈچى 机器人 ماشىنا ئادەم، 导弹 باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ……… ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرقىدەك خەنزۇچە ئاتالغۇلاردىن ئىجابىي پايدىلىنىشقا قۇلايلىق ئىمكانىيىتى شۇكى، بۇنداق ئاتالغۇلارنى مەلۇم مەزگىل ئىشلىتىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئاتالغۇ ئىپادىلىگەن نەرسىنىڭ شەكلى، خۇسۇسىيىتى، رولى ھەققىدە مەلۇم ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتالغۇنىڭ سىماتىك مەنىسىنى يۇقۇرقى چۈشەنچىگە بىرلەشتۈرۈپ تەرجىمە ۋە تەقلىت قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئىخچام، دەل، ئېنىق ئاتالغۇلارنىڭ مەي-

دائىغا كېلىشمىگە تۈرتكە بولىدۇ، بولۇپمۇ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمانلىرىمىز سان ۋە سۈپەتتە كامالەتكە يەتكەن، رەسمىي تەرجىمانلار قوشۇنى بولۇپ تەشكىللەنگەن، ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى كۆرگەن ھەر قانداق خىزمەتچى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، خەنزۇچە ئاتالغۇدىن نۇسخا ئېلىش يولى بىلەن ئاتالغۇ ئىشلەشنىڭ ئىمكانىيىتى تېخىمۇ كەڭ، مەسىلەن، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت قوللانغان روسچە:

调通器 *regulyator* 鳖风机 *wentilyator*
示波器 *ossilloskop* 散热器 *radiyator*

قاتارلىق ئاتالغۇلار مەتبۇئاتىمىزدا خەنزۇچىغا ئورۇن بوشاتقان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شامالدۇرغۇچ، تەكشۈرگۈچى، ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، دولقۇن كۆرسەتكۈچ دېگەنگە ئوخشاش خەنزۇچىدىن نۇسخا ئېلىش ئاساسىدا ئۇيغۇرچە ئىشلەندى، يەنە خەنزۇچىدىن نۇسخا ئېلىش ئاساسىدا بىر مۇنچە لايىھىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ، بۇنداق ئۇسۇل تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتىمۇ پايدىلىق، تىلىمىزدا ئاتالغۇ ئىشلەشتىكى بۇ سىلجىشتىن خەلق ئاممىسى بەكرازى.

لېكىن قوشۇمچىلىق تىل يەنى روس تىلى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىر ئادەم چەت تىل ئۆگەنگەندە ھامان مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئۆگىنىۋاتقان تىلدىكى ھەممە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىدىن تەھلىلىي پايدىلىنالىشى ناتايىن، مەسىلەن: лекарь (بولكا پۇشۇرغۇچى، ياكى ناۋاي)، печенье (دوخاپكا نېنى) سۆزىنىڭ (قاقلاش) سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسى روسلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان غەربىي ۋە شەرقىي ياۋروپا تىل ئاتالغۇلىرى بولۇپ، ئۇلاردا خۇددى تۈركىي تىللارغا ئوخشاش ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بار، لېكىن سۆز ياساشقا توغرا كەلگەندە ھەر قايسى مىللەت ئۆز تىل تەرەققىياتىدا ئۆزگىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى ئاساسىدا ئاتالغۇ ئىشلەيدۇ، خەلقىمىز ئىچىدە ياۋروپا تىل مۇتەخەسسىسلىرى يوق دېيەرلىك، روسچە تەرجىمانلار بار دېيىلگەندىمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئاز ۋە تۆۋەن، شۇڭلاشقىمۇ 30 - يىللاردا تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان روس ۋە باشقا ئەللەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاتالغۇلىرى ھەققىدە نۇسخا ئېلىش ئاساسىدا بىرەر لايىھىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق، سەۋەب، كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىزغا كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان، تۈپ سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلىرى ئىنتايىن چىڭ ھەملىشىپ كەتكەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى تونۇش ئەمەس، نەتىجىدە نۇسخا ئېلىش يولى بىلەن لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇش ئىشىنىڭ ئاممىۋىلىقى جەھەتتىن مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىدى، شۇڭا خەنزۇچىدىن سۆز-ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىكى يۇقىرىقىدەك ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقىمۇ قولايلىق.

بىر ئۇقۇم ھەققىدە "روسچە" خەنزۇچىدىن تەڭ كىرىپ ھاسىل قىلىنغان ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قايسىسىنى ئېلىپ قايسىسىنى شاللىۋېتىش مەسىلىسىدە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنىدىغان ئاساسىي مەنبە ھەققىدىكى پرىنسىپنى تەكىتلەشتىن باشقا يەنە تىلىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا قولايلىق يۇقىرىقىدەك تەرەپنىمۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىدىغان خىمىيىۋى

بىرلىكمىلىك **نەرسىلەر** ، فىزىكىلىق قۇرۇلمىلار ، ئىنچىكە تۇقۇلما تالالار ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئو-رۇنلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ خىزمەت سالاھىيىتىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچىسىنى داۋاملىق قوللىنىپ ، روسچىسىنى شاللىۋەتسە بولىدۇ ، بۇ ئومۇمى مەسىلە .

تىلىمىزغا ئىككى تىلدىن تەڭ كىرىپ ھاسىل قىلغان ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر يۇقۇرقى ساھە ئاتالغۇلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ ، شۇڭا بەزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا يۇقۇرقى ئومۇمى پىرىنسىپتىن چەتنەۋەرەك قاراشقا ، تارىخى قاراشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك.

رايونىمىزنىڭ دەسلەپكى ( 30 - يىللار ) مەدىنىي-مائارىپ قۇرۇلۇشىدا سوۋېت ئويغۇرلىرى تايانچى رول ئوينىدى . ئالى مەكتەپتىن باشلانغۇچنىڭ تۆۋەن يىللىقىغىچە روسچە دەرسلىكلەر تەرجىمە قىلىنىپ ئۆتۈلدى . ماركسىزىم كىلاسسىكلىرى ، ماركسچە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىلىرى ، پەلسەپەگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەرجىمە قىلىنىپ رايونىمىزغا كىردى ، شۇڭا مەتبۇئات ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئائىت ئاتالغۇلار ، بولۇپمۇ ئۇستقۇرۇلما ۋە پەلسەپەۋى ئاتالغۇلار روسچە ۋە روسلار ئارقىلىق كىرگەن غەربى ياۋرۇپا ئاتالغۇلىرى بويىچە ئېلىنىشى تەبىئى ئىدى . شۇندىن باشلاپ تا58- يىلغىچە ئالى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، تەھرىر ۋە تەرجىمانلاردا روس ۋە ياۋرۇپا ئاتالغۇلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولدى. ھەتتا ھاجەتخانىغىچە روسچە ОБОРНая سۆزىنى ئىشلىتىش ئادەتكە ئايلاندى. پەقەت 61 - يىلى 9 - ئايدا ئەيسىچى تەھرىرلىگەندىكى «بېيجىڭ ۋېيۋۇ-جۇيىۋەتارىخى ۋېيۋۇجۇيى» دىگەن كىتاپ نەشىردىن چىققاندىن كېيىنلا پەلسەپە ۋە ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە خەنزۇچە ئاتالغۇ قوللىنىش تەدرىجى يولغا قويۇلدى.شۇندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە پەلسەپەۋى مەسىلىلەردە ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىدىن پايدىلانساق روسچە ئاتالغۇغا دۇچ كېلىدىغان،كۈندىلىك ماقالە ئەسەرلەردە بەزىدە خەنزۇچە،بەزىدە روسچە ئاتالغۇغا دۇچ كېلىدىغان ئەھۋال **بارلىققا** كەلدى.

روسچە - خەنزۇچە پەلسەپە، ئۇستقۇرۇلمىغا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ خەلقىمىزگە ئۆزلىشىش نىسبىتى ۋە ئىستېمال دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدە مېنىڭچە روسچە ئاتالغۇلارنىڭ سالمىقى ئېغىرراق. 50 - يىللىرى نەشر قىلىنغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى خەنزۇچە ئاتالغۇلار ئاساسىدا قايتا نەشر قىلىنغىنى يوق. يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى نەشرىنى قوللىنىۋاتىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىز يۇقۇرىدا ئېيتقان "روسچە" دىگەن ئاتالغۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى، پۈتۈن ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەردە ئومومىيۈزلۈك بىر خىل مەنىدە، بىر خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنتېرناتسىئونال ئاتالغۇلىرى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزىق تىلىدا ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| نېمىسچە | فرانسۇزچە |
|---|---|
| *die Republik* | *republique* |
| *die philosophie* | *philosophie* |
| *die matirialismus* | *matirialisme* |
| *die idialismus* | *idealisme* |

| | |
|---|---|
| *die Demokratie* | *demucratie* |
| *die Diktatur* | *diktature* |
| *der opportunismus* | *opportunisme* |

| روسچە | ئىنگلىزچە |
|---|---|
| **РеСПуъЛИКа** | *repuiblis* |
| **фИЛоСф, ИЯ** | *philosophy* |
| МаТе| и|ЛИз | *materialism* |
| **ИДи ЛиЗ** | *idəalism* |
| деМоКраТИЗМ | *democracy* |
| **ДИКТаТуРа** | *dictatorship* |
| **ОППОР** ГуНзм | *opportynism* |

يۇقۇرقى مىسالدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىنتېرناتسىئونال ئاتالغۇلار بىزگە رۇس يېزىق تىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق كىرگەن، شۇڭا ئۇنى بىز قىستۇرۇپ «رۇسچە» دەپ ئاتىدۇق، شۇڭا رۇسچە خەنزۇچىدىن كىرىپ پەيدا، ئۇستقۇرۇلمىسىغا ئائىت ئاتالغۇلاردا ئوخشاش مەنىنىڭ سۆز ھاسىل قىلغانلارنىڭ «رۇسچىنى» داۋاملىق قوللىنىپ خەنزۇچىنى شاللىۋەتسە بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ئاتالغۇ ئورتاقلىقىغا قاراپ ماڭغانلىق، ئىنتېرناتسىئونال ئاتالغۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىق بولىدۇ.

چەتتىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىغا ئائىت مەسىلىلەردە پىرىنسىپ خاراكتېرىنى ئالغان بىردىن - بىر ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. رۇس، فرانسۇز، نېمىس، ئىنگلىز تىلشۇناسلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىكى خاھىشىغا قارىغاندا، ھەممىسىلا ئۆز تىلىنى باشقىلارنىڭ كۆپلەپ قوبۇل قىلىشى، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشى ۋە ئەينەن خاتىرىلىشىگە زوقمەنكەن، پەقەت خىتايلار تەبىئىيەن ئاتالغۇلىرىنى بېكىتىش جەھەتتىلا ئاتالغۇ مەسىلىسىدە شەيئى، ھادىسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەر، جاي، ئادەم ئىسىملىرىدىن ئەسلى ئىگىسى نېمە دەپ ئاتىسا شۇنداق خاتىرىلەش، ھەر مىللەت ئۆز فونېمىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىش پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مېنىڭچە بۇ پىرىنسىپ ئەمەلىيەتكە يېقىنراق. بۇ پىرىنسىپنىڭ ئەمەلىيەتكە يېقىنلىقى فونېتىك پىرىنسىپ تىلغا ئېلىنىپ، ھەممە مىللەتنىڭ تىل قائىدە - قانۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيەتلىرى نەزەردە تۇتۇلغان. ھەر قايسى تىلنىڭ ئاۋۇش سىستېمىسى ۋە ئۆزىگە خاس فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

فونېمىكا مۇئەييەن تىلدىكى 3 چوڭ تەركىبنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىلى، نەچچە مىڭ خىلغا بارىدۇ. مانا مۇشۇ تىللار نەسەپ - شەجەرە جەھەتتىن 20 نەچچە ئاساسىي تىل سىستېمىدا 50 نەچچە مەۋجۇت ئۇششاق تىل سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ، گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، يېپىشقاق تىللار، پۈككۈلمە تىل-

لار، يەككە تىللار، شەكىلسىز تىللار ۋە باشقىلار بولۇپ 76 خىلغا ئاران بارىدىغانلىقى مەلۇم. دەمەك دۇنيادىكى شۇنچە تىللارنىڭ پەرقىنى ئايرىشتىكى ۋەزىپە، تىلدا تۈرۈلۈش ماتېرىيالىق رول ئوينايدىغان سۆز. سۆزنىڭ تۈرۈلۈش ماتېرىيالى تاۋۇش ۋە ئانداق تاۋۇش بىلەن قانداق تاۋۇش بىرىكىپ مۇئەييەن تىلنىڭ تۈرۈلۈش ماتېرىيالى (سۆز)نى ھاسىل قىلىدىغان تاۋۇش سىستېمىسى ئۈستىگە چۈشكەن، دېمەك مۇئەييەن تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى مۇقىم ئۆزگىچە قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي كۈچلۈك مىللىلىككىمۇ ئىگە.

ئىنسانلار تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن نەچچە يۈزلىگەن تاۋۇشلارنى چىقىرالىشى مۇمكىن. بۇنداق كۆپ تاۋۇشلار ئىچىدە، مۇئەييەن بىر تىلدىكى سۆزلەردە لېكسىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك مەنىلەرنى ئىپادىلەش ۋە بۇ مەنىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان تاۋۇشلار چەكلىك بىر قانچە ئونلا بولىدۇ. مانا شۇنداق تىلدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. ئۇلارنىڭ مەنىسى، شەكلى ۋە گىراماتىكىلىق تۈرۈلۈشىغا ئاساس بولغان تاۋۇشلار، شۇ تىلنىڭ فونېتىكىسى بولىدۇ. ئۆز ئارا تىل قوبۇل قىلىش ئىشىدا قوبۇل قىلىنغۇچى ئاتالغۇنىڭ تەركىبىدىكى فونېمىلىق تاۋۇشلارنى قوبۇل قىلغۇچى تىلدا ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا مۇمكىن بولسىمۇ، فونېما سىستېمىسى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇش چىقىرىش فىزىئولوگىيە رىتىمى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىستېمالدا قوبۇل قىلىنغۇچى ئاتالغۇنىڭ تەركىبىدىكى بەزى فونېمىلىق تاۋۇشلار قوبۇل قىلغۇچى تىلدا فونېما بولالمايدۇ. يەنى ئۆز شەكلىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

| ئۇيغۇر تىلى | روس тىلى | ئىنگلىز تىلى |
|---|---|---|
| پاسون | Фасон | *fashianstail* |
| پىۋە | пива | *beer* |
| تېلېۋىزور | Телевизор | *televison* |
| ماركسىزم | МАРКСИЗМ | *marxism* |

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئىنگلىز تىلىدىن باشقا مىللەتلەرگە كىرگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغۇچى مىللەت ئۆز تىلىدا ئەينەن تەلەپپۇز قىلالىغىلى بولىدۇ. ياكى يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىك ئالاھىدىلىك ۋە بوغۇم تۈزۈلىشى قائىدىسى ئوخشىمىغانلىقتىنلا قوبۇل قىلىنغۇچى تىل ئۈچۈن زۆرۈرىيەتسىز ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان.

ئومۇمەن ئىنسانلار تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى نۇرغۇن تاۋۇشلارنى چىقىرالىشى، شۇ تاۋۇشلار ئىچىدىن مۇئەييەن مىللەت، مۇئەييەن ساندىكى تاۋۇشنى ئۆزىگە فونېما قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇشى ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن، ھەر مىللەتنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدا ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش × (*ekis*)، *Q* (*kiyu*) فونېمىلىرىنىڭ سۆز بېشىدا كېلىشى، قوشۇپ يېزىپ تاشلاپ ئوقۇش ياكى روس تىلىدىكى *u* (*ts*) غا ئوخشاش فونېمىلارنىڭ سۆز بېشىدا كېلىشى، ياكى بەزى تىللارغا ئوخشاش 3 ـ 2 سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىر بوغۇمدا كېلىشى قاتارلىقلار بىلەن، مۇئەييەن تىلنىڭ فونېما سىستېمىسىدا ۋە رېتىمىدا خاس خۇسۇسىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆزلەشكەندىن تىل قوبۇل قىلغاندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىمۇ تىل بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى جەريانىدا، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، تىلىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. جۈملىدىن چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنىڭمۇ ھەر جەھەتلىرىگىچە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەن. تىلىمىزنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېمالدا ئۆزگىرىش كونكرېت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا تىل قوبۇل قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن تىل تاۋۇشى ئاساسىدىكى زىددىيەتلىك ئەھۋاللارنىڭ قىسمەن ھادىسە بولماي، مىزان خاراكتېرىنى ئالغان بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. مۇشۇ مەنىدىن چەتتىن سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا، گەۋدىلىك كۆرۈلگەن تىل خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەل رەتلەپ ۋە يەكۈنلەپ، ئۇنى سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ياكى ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكى، بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسى، تىل ۋە يېزىقىمىزنىڭ يار بەرگەن دائىرىسىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرغۇزۇشى كېرەك. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېما سىستېمىسى بار. تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقى سەۋەبىدىن تارىخى جەريانىدا بىر مۇنچە ئۆزگىرىش بولدى. «دىۋان» دىكى ax ،al ،ak ،ay ئوخشاش سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش، ھازىرقى تىل تەلەپپۇزىمىزدا ئىپادىسى بولسىمۇ، سوزۇق تاۋۇشلار كىلاسسىفىكاتسىيىدە تىلغا ئېلىنمىغان، دېمەك يوق. شۇڭا ئىنگلىز تىلىدىكى [vɔlbɔ:l] volley - ball [futbɔ:l] football ئوخشاش چەتتىن كىرگەن سۆزلەردىكى ئۇزۇن تاۋۇشلارنى بۇندىن بۇرۇن سوزۇپ ئېيتىلىش تەلەپ قىلىنمىغان. بۇندىن كېيىنمۇ تەلەپ قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتىدا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئورغۇسىغىچە تىلىمىزدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، دېگەن كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئەرەب فونېمىسىدىن كىرگەن لەۋ تاۋۇشى (f) يېزىق ئىسلاھاتلىرىمىزدا ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپمۇ، يەنە بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان ھالدا، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى خاتىرىلەشكە قالدۇرۇلغان. چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ فونېمىلىرىنى قوبۇل قىلىش دېگەن سۆز ئەمەس. خەلقىمىز ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن iftihar ،fikir ،kÜlfət ،fursət دېگەن سۆزلەرنى روس تىلىدىن كىرگەن фаКТ ، фаМИЛЯ ، фофаИКа ЮфКа دېگەن سۆزلەرنى كۈلپەت، پىكىر، ئىپتىخار، پۇرسەت، يوپكار، پوپايكا، پاسون، پامىلە، پاكىت دەپ تەلەپپۇز قىلمىۋاتىدۇ. ئەمەلدىمۇ شۇنىڭغا مۇقىملاشتى. لېكىن ئاز ساندىكى Kilassifikatsiyə ،Kafidira ،kafi دېگەن سۆزلەر يۇقۇرقى قائىدىگە بويسۇنمايۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئاپتور ۋە تەھرىرلىرىمىزگە قوپال تۇيۇلغان بولسا كېرەك. خەنزۇلار شېكىسپىرنى 莎士比亚 چاپايېۋنى 夏伯杨 غا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىپ بىر مىليارت ئادەم قوللىنىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى rikord [rekoid] (پىلاستىنكا) نى ياپونلار rekoto vck دەپ 120 مىليون ئادەم ئالاقە قورالى قىلىدۇ. دېمەك ئۇلارغا قوپال تۇيۇلمىغان. بىزمۇ ئۆز فونېمىمىز بويىچە تەلەپپۇز قىلىپ ۋە خاتىرىلەپ ئادەتلىنىشىمىز كېرەك. ھەر ئىككى ھەرپنىڭ تەڭ قوللىنىشى تەلەپپۇز ۋە ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە پاسسىپ رول ئوينايدۇ.

ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىمىز شەكىللەنگەندىن بىرى ʒ ھەرپىنى روسچىدىن كىرگەن، ئۇلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك دېگۈچىلەر بار. «دىۋان» دا : aʒun - دۇنيا . namiʒa - تۇققانـ

چىلىق kumiz — پور (ئىچى كاۋاك) دېگەن سۆزلەر بىرلىشى بىلەن بىرگە، رايونىمىزدا ئەزەلدىن üzmə دېگەن مېۋە دەرىخى بار. ئۇندىن باشقا كاژ - كۇژ، پاژ - پۇژ، دېگەن شىۋىلەر بار. شىۋە كۆچلۈكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن تارىخى جەريانىنىڭ مەھسۇلى. بۇ نۇقتىلار Z ھەرپىنىڭ تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ژورنال، ئاكروژنا ، پاژ - پۇژ، گاژ - گۇژ دېگەن سۆزلەردىكى Z ھەرپىنىڭ ئورنىغا j ھەرپىنى دەسسىتىش ئورۇنسىز.

ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلى g، d، b، l، r ئۇزۇك تاۋۇشى سۆزنىڭ بېشىدا كەلمەيدۇ. لېكىن ھازىر بۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر بار. "روس" سۆزىنىڭ ئالدىغا (o) سوزۇق تاۋۇشىنى "رەڭ" سۆزىنىڭ بېشىغا (i) سوزۇق تاۋۇشىنى قوشۇپ "ئورۇس، ئىرەڭ" دەپ تەلەپپۇز قىلىش ياكى خاتىرىلەش 60-70 يىلدىن بۇرۇنقى ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان ھادىسە تىل تەرەققىياتىمىزدا بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىشىنى چەتكە قاقمايمىز. لېكىن تىلىمىزدا b d فونېمىسى بىلەن تۈگىگەن سۆزنىڭ بۇرۇندۇ ھازىرمۇ يوقلىقى ئېنىق. بۇندىن بۇرۇن ئەرەب - پارسچىدىن كىرگەن ئىجاد، كەشپىيات، كاتىپ، ئاجايىپ، مەزھەپ ··· ··· گە ئوخشاش سۆزلەر ۋە روسچىدىن كىرگەن زاۋۇد، كلۇب ··· ··· غا ئوخشاش سۆزلەردىكى (d) نىڭ ئورنىغا (t) ؛ (b) نىڭ ئورنىغا (p) قوللانغان. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇنداق قوللىنىش كېرەك. لېكىن مەتبۇئاتتا ستالىنگىراد، مەھسۇلات، سەرپىيات، مەزھەب، كلوب ··· غا ئوخشاش خېمىغا يېزىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ تىلىمىز خۇسۇسىيەتلىرىگە توغرا پوزىتسىيە تۇتمىغانلىق ياكى سەل قارىغانلىق ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا toko ، polo ، koro دىن باشقا 2 - بوغۇمدا o ، e كېلىدىغان سۆز يوق purolitariyət (بۇ سۆزلەر ئېھتىمال قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدىن كىرگەن بولىشى كېرەك) internatsionalzim، imperializim، demokratiya دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى o ، e تاۋۇشى u ، i غا ئۆزگەرتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان ۋە خاتىرىلەنگەن. يېقىندىن بۇيان ئەينەن خاتىرىلەش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن ئۆز تاۋۇش خۇسۇسىيىتىمىز بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە شۇنداق خاتىرىلىنىشى تىل تەرەققىياتىمىزنىڭ تەلىۋى بولىشى كېرەك.

ئۇيغۇر تىلىدا قوش سوزۇق تاۋۇش يوق . biao ، tiatir، mail، kail ··· غا ئوخشاش قوش سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەردىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇزۇك تاۋۇش قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە خاتىرىلىنىدۇ . مەسىلەن : biyao ، tiyatir ، mayil ، Kayil ······ غا ئوخشاش .

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ . ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش سۆز بېشىدا، بوغۇم بېشىدا بولۇپ كەلمەيدۇ . مەسىلەن: (pilastinka) plastinka، (istakan) stakan (awan'girat) awan'grat ········ دېگەندەك.

ئەرەب ۋە پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر ئالماقچان يۇقۇرقى قائىدىگە مۇقىملاشتى، روسچە - خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ۋە يازغاندا بىر بوغۇمغا 2 - 3 سوزۇق تاۋۇشنى سىغداش ئەھۋاللىرى مەتبۇئاتلىرىمىزدا كۆپ كۆرۈلىدۇ . بۇنداق قىلىش ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس .

ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان چەت تىلىنىڭ سۆز تۈركۈمىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، قوبۇل قىلىنغانلىرى ئاساسەن ئىسىم ۋە سۈپەت ، خەنزۇچىدىن كىرگەن پېئىللارنى ئىسىم ھېساپلاپ،



AltunOq

ئىسمىغا يېڭى ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق، يېڭىلىنىڭ بۇيرۇق ۋە ھەركەتنامى شەكىللىرى ياسالغان. مەسىلەن: ( سۆڭ ) سۆڭلا ـ سۆڭلاش ، ( دۆڭ ) تۆگىلا ـ تۆگىلاش، ( پا ) پالا ـ پالاش، ( تىڭ ) تىڭلا ـ تىڭلاش دېگەندەك . گەرچە بۇنداق چەت تىل سۆز تومۇرىغا ، ئۆز تىل قوشۇمچىسىنى قوشۇپ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ جانلىق تىلدا ئۈنۈمى زور بولسىمۇ ، تىل ئېھتىياجىدا باشقا تىلدىكى يېڭىلىغا ھاجەت چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا بۇندىن كېيىن تەشكىللىك سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا ، شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بىلەن چەكلىنىش كېرەك . خەتنى سولا ( كۆچۈرۈش ) قىلدىم ، مايىنى زالە ( ئەبجوش ) قىلدىم ، ( ئەدىبى تەرجىمىلەر ) دېگەندەك سۆزلەر ئاز قىسمىدا، جانلىق تىلدا بولسىمۇ ، ئەدەبىي تىلىمىزغا قېلىپلاشتۇرماسلىقىمىز لازىم .

ئەرەپ ـ پارس ، روس تىلىدىن كىرگەن سۆز ئالدى ۋە ئارقا قوشۇمچىلارنى پاكى دائىرىسىنى ئۆزى بىلەن كىرگەن سۆزلەر بىلەن چەكلەش، پاكى چىقىرىۋېتىش كېرەك دېگۈچىلەر مەسىلىنى مۇشۇ يېتى تومتاقلا قىرىپ قويغان . تىل مەسىلىسىدە كونكرېتراق توختالغان تۈزۈك .

تىلنىڭ لېكسىكىسى بىلەن فونېتىكا تۈزىلىشى ئاسان ئۆزگىرىدىغان ھادىسە بولۇپ ، كۆپىنچە تاشقى شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . مەلۇم تارىخى باسقۇچتا بەزى چەت تىل تاۋۇشلىرى ۋە سۆزلىرى مۇئەييەن تىلغا ئۆزلەشسە، مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن : كىرىپوستنوي ، ئاكومىلىيە تور ( دىيەنپىڭ )، جۇاڭيۈەن، لويىڭجى دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى يانچى ، توكدان قورۇق ، ئۈنئالغۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ ئېلىشى، يېزىق ئىسلاھاتلىرىمىزدا ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىدا بولىدىغان ( سات )، خ (زات )، (ئىتقى ) ( ئىزغى ) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن *sh ch zh* ... قاتارلىق فونېمىلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ . لېكىن گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا ۋە سالماق بولىدۇ . " ......زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ، تەدرىجى ياخشىلىنىپ بارىدۇ ، يېڭى قائىدىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ . "①

دەرۋەقە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ مورفولوگىيە جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى — تىل ئالدى قوشۇمچىسى يوق . لېكىن تىلىمىزدا ئەرەپ ـ پارس ، روس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر بىلەن بىرگە بىر قىسىم تىل ئالدى ۋە تىل كەينى قوشۇمچىلارمۇ ئۆزلەشتى .

روس تىلىدىن كىرگەن *sit* قوشۇمچىسى تىلىمىزغا كومونىست، ماتېرىيالىست ، ئىدىيالىست، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرگە كىرگەن . لېكىن ھازىر بۇ قوشۇمچىنى مەتبۇئاتتا ئەرەبىس، موڭغۇلىست دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكە ئىشلىتىۋاتىدۇ . بۇنداق قوللىنىش قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك ، " ئەرەبىست " دېگەن سۆزدىن ئەرەپ مىللىتىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنا چىقامدۇ ياكى تىلى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنا چىقامدۇ ؟ مەنىسى ئېنىق ئەمەس . ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىدىن ئەرەپ تىلشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ . شۇڭا بۇ قوشۇمچىنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسىنى روسچە سۆزلەر بىلەن چەكلىگەن ياخشى .

① ستالىن ، ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق.

ئەرەپ پارسچىدىن كىرگەن *bat، na، bi* سۆز ئالدى قوشۇمچىسى ۋە بەزى سۆز كەينى قوشۇمچىسىنى ئۆزى بىلەن كىرگەن سۆزلەردىن باشقا ئۇيغۇر تىلىغا قوشۇلۇشى كېرەك . ياكى چىقىرىۋېتىش كېرەك دېگەن كۆز قاراش ئەملىيەتتىن چەتنىغانلىق . *bət، bi، na* سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى *bətniyət bi ədəp ، naümut* دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىللە كىرىپ ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىپ *natəkxi bəthəj، bitap ، natoqra* دېگەنگە ئوخشاش بولۇشسىز سۈپەت ياساشتا بەلگىلىك رول ئوينىۋاتىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا بوقۇرقى قوشۇمچىلار بىلەن تەڭ قىممەتلىك *siz* قوشۇمچىسى بار، ئېكەن تىل مىخانىك نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىلىرىگە " سىز » قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولمايدۇ . مەسىلەن: *həjsiz، toqrisiz:* دېگىلى بولمايدۇ .

*Siz* قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىنى يۇقىرىدىكى ئۈچ قوشۇمچىنى تامامەن بېسىپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى *külkə kanat* دېگەن سۆزگە *siz* قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولسىمۇ، يۇقۇرقى ئۈچ قوشۇمچىنى قوشقىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن يۇقۇرىدىكى ئۈچ قوشۇمچىنىڭ تىلىمىزدا سۆز ياساش رولى نىسبى. *na* قوشۇمچىسىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭرەك، قالغان ئىككىسىنىڭ تارراق.

بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئۇيغۇرچىدا سۆز ياساش دائىرىسىنى چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئەرەپ پارسچىدىن كىرگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دائىرىسىنى چەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەرەپ ـ پارسچە سۆزلەر بىلەن بىللە كىرىپ تىلىمىزدا ھەرخىل سۆز ياساۋاتقان قوشۇمچىلار يۇقۇرقى ئۈچ خىل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مەسىلەن: پارس تىلىدىكى سۆز ئارقا قوشۇمچىلار «*anə، dan،zar*» ۋە ئىسىم شەكىللىرىدىن *hanə* ( ئۆي ) *namə* (خەت) ··· قوشۇمچىلىرى، *hitapnamə، dərshanə، mərdanə،siyadan، gülzar،* دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىللە كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىدا *yilnamə،baturanə، küldan، sudan،pahtizar* ··· دېگەندەك سۆزلەرنى ياساۋاتىدۇ.

بۇيرۇق پېئىلىنىڭ تولۇقسىز شەكلى *xunas* ( پارسچە ـ تونىغىن ) *kəx* ( تارتقىن ) *dar*، *baz* ( ئوينا ) *kar* ( ئىشلە) *hor*، ( يىگىن ـ ئىچكىن ) *saz* ( ياسا ) *pəz* ( پۇشۇرغىن ) ··· گە ئوخشاش قوشۇمچىلارمۇ ئۆزى بىلەن بىللە كىرگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە ئۇلىنىش ئارقىلىق، *pərəst، pərwər* پەسكەش، ھايانكەش، چارۋىدار، رەڭدار، بۇيرۇقۋاز، قانخور، شاراپخور، كىمساز، ئاشپەز، تىلشۇناس، تېچلىقپەرۋەر، ئۇرۇشپەرەس··· دېگەنگە ئوخشاش نورغۇنلىغان ياسالما سۆزلەرنى ياساۋاتىدۇ. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسىنى چەكلىگىلى بولمايدۇ. " چەكلەش كېرەك، "چىقىرىۋېتىش كېرەك» دېگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىپ، ئەنە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىسىم ۋە سۈپەت ياساشتا ئۇيغۇر تىل مەنبەلىرىدىن مۇۋاپىق قوشۇمچە قېزىپ چىقىپ، ئۇندىن كېيىن ئۆز پىكرىنىڭ ئىجراسى ھەققىدە سۆز ئېچىش كېرەك. ھالبۇكى ھەممە ئەرەپچە ـ پارسچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئورنىغا ساپ ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىلىرىنى دەسسىتىشى، ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىدا يېقىنقى يىللارنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. مىڭ يىللار داۋامىدا ئەرەپچە ـ پارسچە سۆز ئاتالغۇلارنى كۆپ قوللىنىش ئارقىلىق تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن بەزى قوشۇمچىلارغا بىر يولى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى، تۇتۇش تىل تەتقىقاتىمىزنى چىكى يوق جاڭگالغا باشلايدۇ.

× ×

تىل خادىملىرى ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئەۋلاتلارنىڭ چەت تىل ئۆگىنىشى نەزەردە تۇتۇش نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كونكرېت فونېتىكا ئۆزگىچىلىكلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغۇچى تىلنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىشنى ۋە ئەينەن خاتىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇ مەسىلىدە يەنىلا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىمىزدا ئوينىغان رولى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت سوستاۋىمىزغا ئۆزلىشىش ئەمەلى ئەھۋالىدا يۇقۇرقى ئىككى ئۇسۇلنىڭ قايسىسىنىڭ ئۈنۈمى زور بولغانلىقى ھەققىدىكى تارىخى جەريانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىرگە ئېلىپ كىرىشى قارىخانىلارنىڭ يىمىرىلىپ چىغاتاي دەۋرىنىڭ باشلىنىشى — مانا بۇ جەريانلار ئەرەپ - پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ساھەلەر بويىچە كىرىشى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ جەريانلاردا كىرگەن سۆز ئاتالغۇلارنىڭ ئەرەپ - پارس فونېتىكا خۇسۇسىيىتى بويىچە قوبۇل قىلىنغانلىرى خەلقىمىزگە ئۆزلەشمىدى. شۇ دەۋردىكى بەزى ئەدىبى ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، ئەرەپ - پارسچە فونېتىك شەكلى ئەينەن ساقلانغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەسلىكىمىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر تىلى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قوبۇل قىلىنغانلىرى خەلقىمىزگە ئۆزلەشتى. ئالاقە ۋاستىمىزدا ئۈنۈمى زور بولدى، ھەتتا ئاساسى لۇغەت سوستاۋىمىزدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ھەقتە پاكىت كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلەشكەن سۆز ئاتالغۇلارنى تا بۈگۈنگىچە قوللىنىۋاتىمىز.

چىغاتاي دەۋرى - ئەرەپ - پارسچە سۆز ئاتالغۇلارنىڭ خەلقىمىزگە ئۆزلۈشۈش-ئۆزلەشمىگەنلىكىگە قارىساي، ئەرەپ - پارس تىلى فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قارا - قويۇق قوبۇل قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىبارىلەر ئازساندىكى زىيالىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، سورۇنلىرىدا مىچىتۋە بەگ-غوجىلارنىڭ ھوجرىلىرىدا ئالاقەۋاستىسى بولۇش بىلەنچەكلىنىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئومۇملاشمىغانلىقى، ئۆزلەشمىگەنلىكى، قىسقىسى جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىگرا پەيدا بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھەقتە شۇ دەۋردىكى «ھەممىدە ئەرەپچىلىشىش» گورۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا ئەخمەت يەسەۋى ئىقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلقىمىز چۈشۈنۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تۈركىي تىلنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان ئەلشىر ناۋايىدەك زاتلارنىڭ «چاردىۋان» قاتارلىق ئونلىغان ئەسەرلىرىدە ئەرەپچە - پارسچە فونېتىك شەكلى ئەينەن ساقلانغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى بولماسلىق ھالەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلەيدۇ.

1934 - يىلدىكى "ئاپرېل ئۆزگىرىشى"دىن تارتىپ ئازاتلىقنىڭ ئالدى - كەينىگىچە رايونىمىزدا ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رايونىمىزدا نەشرىيات ۋە باسما ئورۇنلىرىنىڭ كاملەتتىن قازان ۋە تاشكەنتتە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلاردا رايونىمىزنى تەمىنلىشى ئارقىسىدا، پەلسەپە، سىياسەتكە دائىر تېرمىنلار، ئومۇمەن پەن ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەلىرىگە ئائىت سۆزلەر روسلاردىن ۋە روسلار ئارقىلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدىن كىردى، بۇلار ئىچىدىكى ئۇيغۇر فونېتىك خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغانلىرى خەلقىمىزگە ئۆزلەشتى، ھەتتا لۇغەت سوستاۋىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ دىققەت قىلىساق پەرق ئېتەلىگىدەك ھالەتكە يەتتي.

| | | |
|---|---|---|
| Пальто | پەلتو | مەسىلەن: |
| Костюм | كەستۈن | |
| Шарф | شارپا | |
| Ботинки | بەتىنكە | |
| Одеяло | ئەدىيال | |
| Стол | ئۈستەل | |
| Шкаф | ئىشكاپ | |
| Конфиты | كونپېت | |
| печенье | پەچېنە | |

قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

يۇقۇرقىلارنىڭ ئەكسىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنغانلىرى خەلقىمىزگە ئۆزلەشمىدى. نەتىجىدە مەجبۇرى يوسۇندا ئۆز ئانا تىلىمىزدىن ئىزدىنىشكە خەنزۇچە سۆز- ئاتالغۇلارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئەخماقلىق — | *idiotizim* | مەسىلەن |
| نازارەتچى — | *inspektor* | |
| خىزمەت كۆرسىتىپ مەجرۇھ بولغان ئىشچى — | *inwald* | |
| قوراللىق ئارىلىشىش. — | *interwinsiya* | |
| زىيالى — | *intelligensiya* | |
| بۇرجۇئا ھامىيسى — | *apologit* | |
| سوفىزىم تەلىماتى — | *fideizim* | |
| پەلسەپە — | *filosofiyə* | |

.....................................

غا ئوخشاش ئىككىنچى بوغۇمدا e . o سوزۇق تاۋۇشلىرى ئەينەن قوبۇل قىلىنغان سۆز-ئاتالغۇلار 50 - يىللاردا نەشىر قىلىنغان پەلسەپە ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت كىتاپلاردا كۆپ كۆرۈلەتتى، ھازىر بۇ سۆزلەر خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىدا يوق، گېزىت، ژورناللىدۇ ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئازاتلىقتىنلىق ئالدى- كەينى ۋە ھازىرقى ئەمەلى ئەھۋالغا كەلسەك ئۇ ئەھۋال خۇددى يۇقۇرقىغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇز نورمىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىنغانلىرى جانلىق تىل ۋە ئەدەبى تىلدا بىردەك ئىشلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن جاڭگۈيدا 掌柜的 ( پىركازچىك) جاڭگەن 长官 ( ئەمەلدار ) جەڭ 战 شەنجاڭ - جىرزا كوجاڭ جۇرسىن 主任 يامۇل باي سەيبۇك 裁 جادۇ 刀 جۇشى 主席 شوجاڭ ··· ۋە باشقىلار

زومىۇ - زو ئەينەن قوبۇل قىلىنغان ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىشقا قولايسىز سۆھنىشۇ، دەيشۇ، يۇفا، يۇۋۇۋەن، تىمىۇ، جۇگىياڭۋېيۋەنخۇي، خىشۇي···ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سۆزلەر خەلقىمىزگە

ئۆزلەشمەي ياكى ئۆز تىلىمىزدىكى يەسالا سۆزلەرگە ياكى روس، ياۋروپا تىللىرىغا ئورۇن بوشاتتى، ياكى سىياسى نۇقتىنى چىقىش قىلىپ بىكىتكەن سۆز- ئاتالغۇلار قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ جانلىق تىلدا ئىستىمال قىلىنمىدى.

يۇقۇرقى سېلىشتۇرمىلارنى خۇلاسىلىغىنىمىزدا ھەر قانداق دەۋردە تىلىمىزدا ئىپادىسى بولمىغان شەيئى، ھادىسە ھەققىدىكى سۆز-ئاتالغۇلارنى زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇز نورمىسى ۋە بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغانلىرى تىلىمىزغا ئۆزلەشتى، تىلنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ تەلەپپۇز نورمىسى بويىچە زومۇ-زو قوبۇل قىلىنغانلىرى ئۆزلەشمىدى.

كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تىل ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش تەشەببۇسى، مەخسۇس دىپلوماتىيە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە تەرجىمانلارغىلا خاس، پۈتۈن مىللەتنىڭ تەرجىمان بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، تىلنى توغرا، توشتۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش، شۇ تىل فونتىكا تەتقىقاتىنىڭ تەلىۋى، قوبۇل قىلىنغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار تىلىمىزدا ئىپادىسى يوق شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى ئالاقە ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرسىلا تىل ۋە يېزىقىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، خاتىرىلىنىدۇ. بىر مەزگىل ياكى ئۇزۇنغىچە ئادەتتىكى لۇغەت سوستاۋىمىزدىن مۇۋاپىق ئورۇن ئىگەللەيدۇ. شۇڭا ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا تىلىمىزنىڭ تەلەپپۇز نورمىسى ۋە يېزىقىمىزنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلچەم قىلىش ئاساسىدا قوبۇل قىلىش—تىل تەرەققىياتىمىزدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە.



AltunOq

# ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

خەلقىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ھايات تارىخى ئەمەلىيىتىدىن ( ماددى ئىشلەپچىقىرىش، تىببى ئەمەلىيەت ) يەكۈنلەنگەن تىببى كۆز قاراش، كېسەللىك، دورىگەرچىلىك، ھېمىيە ـ ھەت ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ بىر يۈرۈش سىستېمىسى كېسەللەرنى داۋالاشتا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ (غەرب مېدىتسىناسى ئۇسۇلىدىن سىرت) ئۆزىگە خاس تەجرىبىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەھەللى كېسەللەرنى، جىددى، تەرسا، خۇنۇك كېسەللەرنى، ( سەرتان①، قەن سىيىش كېسىلى، چاشقان يارىسى ئاق كېسەل، ② تېرە ـ ئۇستىخان كېسەللىرى ئىزاھلاش ) داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك، ئۈنۈملۈك نەدىر تەجرىبىسى بار. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يۇقۇرقىدەك مول تەجرىبىلىرى، بىلەن ئىلمىز تىبابەتچىلىك غەزىنىسىگە مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تىببى پائالىيەتنىڭ بىر تارىخى سۈپىتىدە، مېدىتسىنالىق ئىلمى تو-نۇشنىڭ بىر تارىخى بولۇپ تەبىئىي پەن ھەم پەلسەپىۋى ئۇنىڭ ئىنساندىكى كېسەللىكنىڭ ئىچكى ـ تاشقى شەرتلىرى، ۋەجى، خاراكتېرى، دورىلارنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرى، كېسەل كۆتۈشنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە تەدبىرلىرى بىۋاستە تىببى ئەمەلىيەت ھەم ئۇنىڭ تارىخى راۋاجى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى پۈتكۈل مېدىتسىنا ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ئوخشاش، ئۆتتۈشتە ئۆزىنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى جەريانىدا، خۇراپىي ئەقىدىلەر، زىيانلىق ئادەتلەر ساختا ئېقىملار بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇ كۈرەش بەزىدە ئوچۇق ـ ئاشكارە، بەزىدە يىرىكلىدىن ۋە ئېتىقاتتىن ئىككىنچى خىلدىن ۋە ئېتىقاتقا كۈچلۈشنىڭ يالداما پۇرمىسىدا، كۆ-پۈنچە ھاللاردا دىنىي نىقاپ ئىچىدە پاتتىز شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يۈرۈشلەشكەن داۋالاش سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭدا ئە-مەلىيەت ۋە پەننىڭ تەرەققىياتى تەرىپىدىن داۋاملىق شاللىنىپ تاشلىنىشى لازىم بولغان بەزى نامۇۋاپىق ئامىللار ساقلانغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرگەن ئىپتىدائىي ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ قەدىمقى تىببى كۆز قارىشى داۋالاش تەدبىرلىرىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مۇۋەپپە-قىيەتلەر بولغان. ئۇلار بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن، كېلىپ چىققاچقا، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەكرار ئىس-پاتلانغان سادا ماتېرىيالىستىك ۋە باشلانغۇچ دىئالېكتىك ئامىللار ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ياخۇز يېقىنقى زامانىنىڭ ياكى ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى پەن ـ مەدە-نىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئىبىن سىنا تىببى تەلىماتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخى تەرەققىياتىنىڭ سەمەرىسى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنى تەشكىل قىلغان

① راك ۋە ئۆتمە
② بەرەس

ئەڭ قەدىمقى قەبىلىلەرنىڭ، جۇملىدىن ئوغۇزلار، "خۇخۇلار" غۇزتان، زەرەپشان، سۇلمى، ئۇنسۇ (ئەردۇبىل) كوچار (كۆسەن)، ئارچىن (ئاگىن)، لىپچىن، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى، تۇغلالار، قانقىلار، ياغلىقار، قۇرتارغار، تۇرلام ئۇيغۇر، بۇغاسىر، ناۋچاك، قاسار، قوغۇرسۇ، ياباتقار، ئايئاۋۇر، بۇكە، غون، بايئۇقۇ، توڭغىرا ئىزگىل، قىپچار، باسمىل، ياغما، قارلۇق قاتارلىق يۇرت ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك كېسەللەرچىلىك، ئۆسۈمچۈلۈك، دورا-گىياچىلىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىپتىدائىي تەجرىبىلىرى ۋە تۈرلۈك ئەم-ئىرىم ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن ئۇ يەنە تۇرانى خەلقلەرنىڭ، جۇملىدىن ئاناۋ، تاقار، قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ، ماساگېتلار، سارماتىلار، سىكەت (سىكىن) لەر، ساكلار، ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، سوغداق (سوغدى) لار، خاقاسلار، ھونلار، ئاۋارلار، كۆكتۈركلەر، ئوغۇز ۋە قىپچاقلارنىڭ شۇخىل تەجرىبىلىرى بىلەن ئەم-ئىرىم ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئەڭ ئالدى بىلەن مەشھۇر جۇڭگو تىبابەتچىلىكى، تۈبۈت (زاڭزۇ)، موڭغۇل تىبابەتچىلىكى موھىم تەسىر قىلغان. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت تىبابەتچىلىكى كېسەللىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئىگەللەش جەريانىدا ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا تەسىر قىلىشقان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ تولۇقلىنىش جەريانىدا باشقا ئېلىم، مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە ئوخشاشلا چەتئەل تىبابەتچىلىكى بىلەن (يۇنان، ئىران، ھىندىستان، ئەرەپ تىبابەتچىلىكى) ھەرقايسى دەۋردە ئۆز ئارا تەسىر قىلىشىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن، مىلادىيەدىن ئىلگىركى بىرونزا مەدەنىيىتى، "ئاتلىقلار" مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئالتۇن يول-قاشتېشى يولى، مىلادىيەدىن كېيىنكى جىگىن (يىپەك) يولىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى- مىلادىيەدىن ئىلگىركى، كېيىنكى ئاۋرۇ-ئاسىيا كۆچۈنۈشى بۇخىل ئۆز ئارا تەسىر قىلىشنىڭ تارىخى ئىمكانىيىنى ھاسىل قىلغان. جۇڭگو بىلەن غەرپنىڭ قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا شىنجاڭ مۇھىم ئۆتكەل سۈپىتىدە شۇخىل تەسىرنىڭ ئاساسلىق موھىتى بولۇپ كەلگەن. نىمىس پەيلاسوپى گېگىل ئۆزىنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق كىتاۋىدا: "بىللۇر تاغ تىزمىلىرى ئالدىنقى ئاسىيا رايونلىرىنى، باكتىرىيە، سوغدى، سىر دەريا ۋادىسلىرى بىلەن جۇڭگو ئىگىزلىكىنى كېسىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىگىزلىك قەشقەرگىچە سوزۇلغان" (218 - بەت) دەپ يازسا، تارىخچى ئا. ئۇسپوۋ ئۆزىنىڭ «X ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخى» دىگەن كىتاۋىدا، قەدىمقى پەنجاپتىن شىنجاڭغىچە بولغان يوللارنى كىمپار يولى، قۇلان يولى، تار يول، بولان يوللىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. بۇ يوللار يالغۇز قاشتېشى ۋە يىپەك يولى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىمپار، دورا - دارمان يوللىرى بولغان ئىدى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا مىللى تىبابەتچىلىك ياكى چەتئەل تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆز ئارا تەسىر قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا تىببى كۆز قاراشلار سېستىمىسى كېسەللەرنىڭ سەۋەپ- خاراكتېرى توغرىسىدىكى تەلىماتى، دورىگەرچىلىك (رېتسىپتورا) ۋە شىپاچىلىق ئۇسۇلى بار. بۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ خاس گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەممىدىن بۇرۇن قايسى بىر مەشھۇر ھۆكۈما، تىۋىپ تەلىماتلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولماستىن، بەلكى خەلقنىڭ، خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەمچى، ئاتاساغۇن ۋە

ياخشىلارنىڭ ئېرىدچى ھەم تېۋىپلارنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز تەجرىبىلىرى، دورىگەرچىلىك ئەقىدىدارىنىڭ تۈپلىنىشى، رەتلىنىشى ئاساسىدا، مەيدانغا كەلگەن، راۋاجلانغان. مەشھۇر ھۆكۈما ھەم تېۋىپلار شۇ جەرياندا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئادەم بەدىنى ۋە بارلىق جانلىق ھاياتىنى جانسىز تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ، ئۇ ھاياتلىقنى ئۇنىڭ تاشقى مۇھىت شارائىتى بىلەن بىر پۈتۈن قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەڭ قەدىمقى شەرق ماتېرىيالىستىك تەلىماتلىرىنىڭ ساددا بىراق ھەققى كۆز قاراشلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، كەڭ تەبىئەتنىڭ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئالەمنىڭ ئاساسىنى سۇ (ئەرەبچە "ئاب") ئالاۋ (ئوت، ئەرەبچە "ئاتەش") قالىق (ھاۋا، ئەرەبچە "باد") تۇپراق (ئەرەبچە "خاك") دىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ زىددىيىتى ۋە مۇرەككەپلىكىدىن تەشكىل تاپقان دەپ قارايدۇ. ئىنسان ھاياتى تەبىئەتنىڭ شۇ تۆت تەرىپىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن تەركىب تېپىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن بولىدۇ. تۆت تەرەپ توغرىسىدىكى قەدىمىي ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆز قارىشى ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ "4 خىلىت" تەلىماتى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تەلىمات ئۈچ قات مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ ئۇنىڭ بىرىنچىسى: ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى تەبىئىي شارائىتىنى تەشكىل قىلغان 4 تەرەپنىڭ تۆت خىل ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىشىدۇر. ئۇلار: "ھاۋانىڭ ھۆل ئىسسىقلىقى ئوتنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى، سۇنىڭ ھۆل سوغۇقلىقى، تۇپراقنىڭ قۇرۇق، سوغۇق" لىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى: تۆت خىل مىجەز - خۇسۇسىيەتكە (ئاتىرابورتقا) ئىگە بولغان تۆت تەرەپنىڭ ئىنسان بەدىنىگە تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولغان تۆت خىل خىلىت بولۇپ، ئۇلار، قان (خۇن)، ئوت (سەپرا)، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىق بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان 4 خىل سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت. خىلىتلار ئىنسان بەدىنىدىكى ئۆزلۈكسىز ماددا ئالمىشىش (ماتىيە ھەملول) ئارقىلىق سەرپ قىلىنىپ، يېڭىلىنىپ ۋە دەۋر قىلىپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ساغلاملىق شەرتلىرىنى تەييارلايدۇ. خىلىتلارنىڭ ھەركەتچان تەڭپۇڭلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىكنىڭ مۇھىمى ئىچكى كېسەللىكنىڭ تۈپ سەۋەبىنى پەيدا قىلىدۇ. كېسەلنى ئېنىقلاشتا خىلىتلار تەڭپۇڭلىقىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا، كېسەلنى داۋالاشتا خىلىتلار تەڭپۇڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان بەدىنى تاشقى مۇھىت بىلەن بىرلىك ۋە زىددىيەت ئاساسىدا ئىچكى خىلىتلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيەت ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق جەريانىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى: بۇ تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ ھەربىر كونكرېت ئادەمدە تۆت خىلىتنىڭ زىددىيىتى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئىتىدالىلىق (نورماللىق) نۇقتىسى بىر خىل بولمايدۇ دېگەن كۆز قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ كۆز قاراش ئادەملەرنى تاشقى تېرە ئالاھىدىلىكىدىن تاكى نېرۋا ھەم روھى خۇسۇسىيەتلىرىگىچە تۆت تۈرلۈك خىلىتلىق كەيپىياتقا ئايرىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بەزى كىشىلەردە خۇن، بەزىلىرىدە سەپرا، بەزىلىرىدە بەلغەم، بەزىلىرىدە سەۋدا خىلىتى ئۈستۈنلىكى ئاساسىدا باشقا ئۈچ خىلىت بىلەن ئۆزىگە يارىشا نورماللىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئوخشىمىغان خىلىتلىق مىجەزدىكى كىشىلەرنىڭ نورماللىق شەرتلىرىنى ئۇنىڭ بۇزۇلۇش، تۈزۈلۈش سەۋەپ نەتىجىلىرىنى ئالدىن ئىگەللەپ كونكرېتنى ئادەمنى كونكرېتنى ئۇسۇل بىلەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇزاق تارىخى ئەمەلىيەتتە ئۈنۈم قازانغان ۋە كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان ئەمەلىي داۋالاش ئۇسۇلىدۇر.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئادەم ئورگانىزمىدىكى ماددا ئالمىشىش جەريانىدا يالغۇز خىلتلار كېسەللىكى (سۇيۇقلۇق پاتالوگىيىسى) نەزەرىيىسىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە كېسەللىككە بىۋاسىتە سەۋەب بولىدىغان يەل ("بار") سېسىق گاز (ئۇفۇنەت)، كۆزگە كۆرۈنمەس جانىدارلار (جەراسىم)، تۈرلۈك زەخىم - زەخمەت ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە شىپاگەرلىك يالغۇز نوقۇل دورا ئارقىلىق داۋالاش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ كېسەلنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاشنى روھىي داۋالاشنى، دورا، ئوزۇق بىلەن داۋالاشنى، ئارشاڭ، ئاپتاپ نۇرى بىلەن داۋالاشنى، ئوۋلاپ، ئىسسىقلاپ، ئوپېراتسىيە (دەرىسكار) قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھەرقاچان مۇھىتنى ۋە پۈتۈن ئورگانىزمنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ياخشىلاشنى دورا بىلەن داۋالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەت دۇنياسىدا كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئۇنۇملۇك شىپا مەنبەلىرىمۇ خۇددى شۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ تونۇيدۇ. تۈرلۈك دورىلارنى، ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، قۇرۇقلۇق، ھۆللۈك خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەسىرى كۈچىگە قاراپ، تۈرلۈك كېسەل سەۋەبلىرى، مىجەز بۇزۇلۇشلىرىغا قارىمۇ - قارشى ۋاسىتە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي شارائىتتا، خەلقنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللىنى داۋالاش ساھەسىدىكى بىر يۈرۈش تىببىي بىلىملەر سىستېمىسى سۈپىتىدە، ئۇزاق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالى پەن - مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرى، كەشپىياتلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى دىنىي، پەلسەپىلىك دۇنيا قاراشلارنىڭ تەسىرىمۇ خېلى زور بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىي تەبىئىي تونۇشنىڭ ھامان بىر تارمىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھېسابلانغان تەبىئىي پەننىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھېسابلانغان ئادەمنىڭ سالامەتلىك شەرتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى. كۆرەش ئىچىدە ساقلىنىش، يامانلىق، خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت، مەدەنىيەت سەمەرىسىنىڭ بىر تارمىقىدىن ئىبارەت.

ئىۋان پاۋلوۋ① „ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا مېدىتسىنالىق پائالىيەت باشلانغان. مېدىتسىنا تارىخىنى ئىنسانىيەتنىڭ يازما خاتىرىلەرنى يېزىشنى باشلىغان ۋاقىتتىن ھېسابلاش خاتا تونۇشتۇر “ دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى يازغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىركى خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپلىگەن نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق:

ئەردى ئوزا ئەرەنلەر،
ئەردەم بەگى بىلىك تاغ

① پاۋلوۋ „ تاللانغان ئەسەرلەر “ 246 - بەت.

ئەجدى ئەكوش ئاكۇتلار،
كۆڭلۈم بولار ئاڭار ساغ.

بۇ تۆرتلىك: ئۆتكەن قەدىمقى ( ئوزا ) زامانلاردا بىلىم ئېچىشقا چىققان پەزىلەتلىك كىشىلەر بولغان ئىدى. ئۇلارنى ئەسلەش كۆڭۈلگە ساغلىق ـ ئاراملىق بېغىشلايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ تىبابەتچىلىكنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە تەئەللۇق، ئەلۋەتتە.

ئەڭ قەدىمقى تىببى پائالىيەت باشلانغۇچ ئېڭىنات بىلەن بىللە بۇنىڭدىن 40 ـ 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ كونا تاشقورال دەۋرىدە پەيدا بولغان. قورشاۋچىلىق، يىراق ئۆز ھاياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نەرسىگە چۈشىنىش باشلانغۇچ ئېڭىنىڭ ئاساسى ئىدى. دەسلەپتە تىببى قوغدىنىش ۋە داۋا ئىزدەش پائالىيىتى، بولۇپمۇ ئوۋچىلىق، ئۇرۇق ـ قەبىلە ئۇرۇشلىرىدا ھەممە كىشىنىڭ پائالىيىتى بولغان بولۇشى ئېھتىمال. بىز بۈگۈنكى كېرچى ـ يېنىدىكى قۇلئاپ قەلئەسى قەبرىگاھىدىن تېپىلغان ( ئىدىشقا سىزىلغان سىزىقلار ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۈرەتتىن كۆرەلەيمىز. ئىدىشقا سۇنۇق تېڭىۋاتقان، چىش تارتىۋاتقان كىشىلەر سۈرەتلىرى سىزىلغان. بۇنداق سۈرەتلىك قېزىلمىلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىنمۇ تېپىلدى. شۇنداقتىمۇ ئەڭ دەسلەپ چۆپ گىيالارنى تونۇپ بىلىشكە نىسبەتەن ـ ئاتىلىق جامائەسىدىكى ئەمەس ـ ئىرىم پائالىيىتى بىلەن تولاراق شۇغۇللانغانلار يەنىلا ئاياللار بولغان. قىرىق قىز داستانىدىكى " گۈلئايىم "، گومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدىكى " ئاگامېدا " ۋە بېھۇشلۇق دورىسىنى ئىشلىتىشنى يۇنانلىق ئىلىناغا ئۆگەتكەن مىسىرلىق پولىدامنىنا ئايال ئىدى. ئەنغار دەرياسى بويىدىكى مالتا كەنتىدە گىراسىموۋ تەرىپىدىن تېپىلغان ئايال مەبۇدى قورچىقى، قەدىمقى سىبىرىيە خەلقلىرىنىڭ ياغاچ ياكى سۆڭەكتىن ئايال ئوبرازى ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلىقى، قەبرىلەردە قېرى ئايال جەسىدى يېنىغا تەسۋى، ياش ئايالغا مونچاق قويۇش ئادىتى مانا شۇنىڭ دەلىلى. ھەممە خەلقلەردە دېگۈدەك ئەڭ قەدىمقى شىپالىق ۋە ئىپسەنىڭ مەبۇدلىرى ئايالللار نامىغا ئاتالغان.

ئىپتىدائىي تىببى پائالىيەت، يانغۇز دورا گىيالىرى، تۇز ۋە ئارشاڭ سۇلىرىدىن پايدىلىنىش پاشا، يىلان، چايانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەدەنگە ياكى پاقالچاققا سېغىزلاي سۈركىۋېلىش① يۇزىگە قېتىق سۈرتۈش، مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش، قان چىقىرىش، ئىلمە (ياكى خوخولا)، قىرىش، قومغا كۆمۈش، گىيا سۈيىگە چۆشۈش، ھايۋان تېرىسىگە ئېلىش، ئۆتكە تېڭىش، ئۇچۇغداش، قوستۇرۇش، ئىستىشقلاش، تېڭىقچىلىق، ئاددى ئوپېراتسىيە ۋە مومىيا ( سالاجىت )② قىلىش قاتارلىق ماددى داۋالاش ۋاسىتىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە روھىيەتچىلىك ۋاسىتىلىرىنى، تۈرلۈك ئىرىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى، تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىشتىكى ئاجىزلىق ئىپتىدائىي جامائە كىشىلىرىنىڭ ئانىمىزملىق، ئىللىيۇزىيىلىك دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار تەبىئەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى پۈتكۈل تەبىئەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا بوران، گۈلدۈرماما، چاقماق، كۈن ـ ئاي تۇتۇلۇش، چوڭ ھا-

① كىراسنو يارسكتىكى قەدىمقى قەبرىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا، بەدەنى بوياش، ھايۋان چىشىدىن ياسالغان مونچاقلارنى تاقاش ئادىتىنىڭ ساقلانغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ زىننەت ئۈچۈنلا ئەمەس ئالدى بىلەن تىببى مۇداۋىمە ئۈچۈن قىلىنغان.

② مىلادىدىن بۇرۇن ن ـ ئەسىرگە ئائىت قاراسۇق مەدەنىيىتى قەبرىلىرىدىن مومىيا قىلىنغان جەسەت تېپىلغان.



AltunOq

دورىلىرى، يۇقۇملىنىش، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە باشقا ئاپەتلىك ھادىسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، جانلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چوقۇنۇش، يېلىنىش، مەدھىيىلەش، ئۇلارنىڭ شەنىگە تو- قۇلغان بېغىشلاش ۋە مۇراسىم ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆ- تۈش كېرەككى؛ ئەڭ ئىپتىدائىي سېھىرلەش - ئىرىم پائالىيەتلىرى بىر تەرەپتىن بىۋاستە ماددىي دا- ۋالاشتىن ( ئەم قىلىشتىن ) ئايرىلمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ماددىي داۋالاش، ۋاستىلىرىنى سىر- لىقلاشتۇرۇۋېتىشكە قارىتىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى ھەرخىل تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن ئابستىرا- كت دىنىي تەسەۋۋۇرلار ۋە قاتمۇ - قات مەبۇدچىلىق كېلىپ چىقمىغان قاشتېشى، كۆكتاشنى ( لازۇردىت تېشى )، فىروزا تېشى، قىزىل ياقۇت ( راس بالاش )نى، قارا شەھەر كۆك تۇزىنى، قىزىل سېغىزنى، گۈڭگۈرت پوقىنى، ناشكارىنى كىشىلەر شۇنداق سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. كې- راسنويارىسك غەربىيدىكى ئارچىن رايونىنىڭ جەنۇبىدا جايلاشقان ئانتوپوۋ كەنتىدىكى ۋە شىمالى ئالتاي سۆگەك كەنتىدىكى قەدىمقى ئارسلانلارنىڭ ئۆلگەن جەسەتلىرىنى قىزىل توپا ئىچىگە ئې- لىپ دەپنە قىلىش ئادىتى بۇنىڭ دەلىلى ①. ئۇلار قىزىل توپىنىڭ چىرىتمەسلىكىدىن پايدىلىنىپلا قال- ماستىن، يەنە كەلگۈسى تىرىلىشى جەسەتنىڭ قېنى بولىدۇ دەپ قارىغان. تەبىئەتنى ئېتىراپ قى- لىش بىلەن بىرگە ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىدىن « قەبرىدىن تې- پىلغان جۇ تارىخى»، « يۈي پادىشاسىنىڭ تەزكىرىسى » ، « موتيەنزىنىڭ تەزكىرىسى » قاتارلىق- لاردا قاشتېشىنىڭ ھېكمەتلىك كۈچى، زۇمرەتكۈلى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يېزىلغان. چىڭ خەن زامانىسىدا يېزىلغان "黄帝内经素问" ( خۇاڭدى پادىشا نامىدا يېزىلغان ئىچكى ئاغرىق ساۋاتلىرى ) ناملىق كىتابتا ، " غەربىي دىياردا ئالتۇن، قاشتېشى قەلئەلىرى بار " كېسەل- لەر ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ دەپ زەھەرلىك دورىلار يەيدۇ، زەھەرلىك دورىلار غەربتىن كېلىدۇ دېيىلگەن.

ماددىي داۋالاشنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، روھىيەتچىلىك ئاساسىدىكى دا- ۋالاش ۋاستىسى بولغان تۈرلۈك ئىرىم پائالىيەتلىرىمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا كۆپ قىسىم ئارسلانلارنىڭ ئوتتۇرا سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىمالى ھىندىستان ۋە شەرقىي ئىرانغا كۆچۈشىنى ۋە داخى، سىكس قاتارلىق سارماتىن، ماساگېتلار ھاياتىنى ئىپادىلەيدىغان «ئاۋىستا»، «رىگۋېدا» كىتابلىرىدا گىياھدەرمەك داۋالىرىدىن تاشقىرى② قۇربانلىق قىلىش، نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈش، پال سېلىش، قەستەن ئوقۇش، بەنت قىلىش، تۇ- مار پۈتۈش، ئىسرىق سېلىش، ھامىلىق مەبۇدىسىگە سېغىنىش، پىرى ئوينىتىش، يۇداش، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ روھى ئۆز ئەۋلادىدا قايتا تۇغۇلىدۇ دەپ تەكرارلاپ تۇغۇلغان پەرزەنتى- گە قويۇش③، سېغىزخاننىڭ سايرىشىغا، مۈشۈكنىڭ يۈز يۇيۇشىغا چۈشكە تەبىر بېرىش قاتارلىقلار خاتىرلەنگەن. بۇ يالغۇز شامان دىنىدىكى ئاساسىي ئىرىم شەكىللىرى بىلەن بىردەك بولۇپلا قال- ماستىن، زەردەشت ( ئاتەشپەرەسلىك ) بۇددا، مانى، ئىسلام دىنلىرىنى ئۆز ئىچىدىن ئۆتكۈزگەن

① ل. پ. ئۇ شانىن، پومپاسلى ۋە سىرگى، ئىمۇنبورگ، كىشىليۇۋ، تولستوۋ، گلىمبورگ، كاربونىۋا، ماسسون، بېرنىشتام، فىدىنكو، غولاۋۇ، ياخورىسكى قاتارلىقلارنىڭ ئارخېلوگىيىلىك ماتېرىياللىرىغا قارالسۇن.

② « زارا توستۇرا » ( زەردەشت ) دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى بولغان « ئاۋىستا » كىتاۋىنى ئاردا شېئىر ( 226 - 241 - يىللار ) راھىپ تانۋاسارغا بۇيرۇپ رەتلەتكۈزگەن. كېيىن شاپۇر I ( 241 - 272 - يىللار ) ئۇنىڭغا ئاسترونومىيە ۋە تېببىي رىۋايەتلەرنى قوشقۇزغان.

③ بۇ قائىدە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ، ھەتتا ھازىرمۇ ساقلانغان. بۇ ھەقتە ماركوپولو ساياھەتنامىسىنىڭ 10 بابىدا بۇ قائىدىنىڭ موڭغۇل زامانىسىدا تاتارلار ئارىسىدىكى ئىپادىسى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەھەللى ئىرىم قائىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى بىلەن، جۈملىدىن چاچاتقۇ، قوشقا ئالدۇرۇش، قوي تېرىسىگە ئالدۇرۇش سۆگەلنى ئاچچىق لاي بىلەن ئۇقۇپ ئىرغىتىش، ئايال چىچىدا تىلسىم كۈچى بار دەپ ئۇنى تۆشۈككە تىقىش قاتارلىقلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. «دىۋان لۇغەت تۈرك» دە ئېرىق سېلىش تىلغا ئېلىنغان. شىنجاڭ ۋە يەتتە سۇ رايونىدىن تېپىلغان ئىسرىقدان، ئاسما قازان ۋە دانقان قاتارلىق قەدىمقى بىرونزا ئىدىشلىرى ئىسرىق سېلىشقا ئىشلىتىلگەن.

ئىپتىدائىي جامائەنىڭ بۇزۇلۇشى نىسپى تەبىقىلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، كۆپ خىل مۇرەككەپ مەبۇدىلار سىستېمىسى مەيدانغا كەلدى. باش تەڭرى، ھامى تەڭرىلەر، تەڭرى مۇئەككەللىرى پىنھان (كۆرۈنمەس) ئەۋلىيالار، ئىزگۇ ۋە قاباھەت دىۋىلىرى قاتارلىق ئىلاھى دەرىجىلەر پەيدا بولدى. ئاھالە ئىچىدىن ئايرىم رەمچى، مۇنەججىملەر، نەزىر - چىراق باشقۇرغۇچىلار ئەم-ئىرىمچىلەر، سەرنۇاز ۋە باخشىلار ئايرىلىپ چىقتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاساسلىق دىنى ئېتىقادى ھىساپلانغان شامان دىنى ۋە شامان باخشىلىرى ئەنە شۇ خىل كەسپى ئەم - ئىرىمچىلىكنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

شامان دىنىنىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن يارىتىلغىنى مەلۇم ئەمەس. سىماچىئەننىڭ «تارىخنامە» كىتاۋى بىلەن، جەنگۇنىڭ «خەننامە» سىدا كۆرسىتىلگەن غەربى دىيار قەلئەلىرى بىلەن ھونلارنىڭ ئەم-ئىرىم قائىدىلىرىنى توغرىدىن-توغرا شامان قائىدىلىرى دەپ كۆرسىتىش تامامەن مۇمكىن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» (يېڭى تاڭنامە) دەفىرخونلۇقنى قانقۇن(甘昏)دىگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىگەن. ئىپتىدائىي جامائە، ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن، شامان دىنى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە تېخىمۇ تاكامۇللاشتى ۋە سىياسى تۈس ئالدى. ئۇ دەسلىۋىدە ئۇرۇقداشلىق قەبىلىنىڭ بىر قەدەر ئاددى تەبىئى ئىلاھى ئېتىقادى بولغان بىر مەبۇتلۇق (مۇنوتىزىم) تومىيىن دىنىدىن ئىبارەت ئىدى، كېيىنچە قەبىلىلەر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۆپ تەڭرىلىك (پولوتىزىم - رەببۇننەۋئى) قام دىنىغا ئايلاندى. ئالاھىدىن ئاتتا مولىك جۇۋەينىينىڭ «تارىخى جاھان گومىش» ناملىق كىتاۋىغا ئاساسلانغاندا، "شامان" سۆزى "قامان" سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ئىستىمالى بولۇپ، شامان دىنىدا دىنى راھىپنى "قام" ياكى "باخشى" دەيدۇ. تاڭنو ئۇلاتېخنىڭ شىمالىدىكى ئۇراللتايدا "باخشى" نى "قام" دەپ ئاتىسا، سىبىرلىكلەر "شامان" دەپ ئاتاشقان. ماركوپولو تاتارلار ئارىسىدىكى شامان باخشىلىرىدىن تىبەت ۋە كەشمىرلىك ئىككى باخشىنىڭ سېھىرگەرلىك ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ساياھەت كىتاۋىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.①

شامان دىنى ئۇيغۇرلار ۋە پۈتكۈل تۇرانى خەلقلەر تارىخىدا كەڭ تارقالغان. ئۇزۇن ساقلانغان ئىپتىدائىي دىن، ئۇيغۇرلار ئاتەشپەرەستلىك، بۇددا، مانى دىنلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ شامان ئەم - ئىرىم قائىدىلىرى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقاتمىدى. بەلكى ئەينى زاماندىكى دىنى قائىدىلەرگە يانداشىپ، داۋاملىق ساقلاندى. بۇنىڭغا ئىسلامىيەت دەستۇرلىرىدا كۆرسىتىلمىگەن ھەتتا ئۇنىڭغا زىت بولغان نۇرغۇن ئېتىقات ۋە ئەم-ئىرىم قائىدىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

شامان دىنى تەبىئەتنى ئىلاھىلاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئادەمنى ئىلاھىلاشتۇرۇش بولۇپمۇ ئۆل-

① «ماركوپولو ساياھەت كىتاۋى» نا، چارگۇنون شەرھىيلىگەن كىتابى، 71 - باب، - خەنزۇچە 270 - بەتكە قارالسۇن.)

گەن ئادەمنىڭ روھىنى ئىلاھىلاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شامان قائىدىلىرى بىر تەرەپتىن ئۆلگەن ئەژداتلارنىڭ ئەرۋاھى داۋاملىق قايتا تۇغۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرۋاھىنى ئاۋارە (ماكانسىز) قىلىپ خارلىماسلىق ئۈچۈن، ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى قويۇپ ئۇلارنىڭ ئەرۋاھىنى چىللاش لازىم، دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالەم سان - ساناقسىز ئادەم ۋە ھايۋان ئەرۋاھلىرى بىلەن تولغان. بۇ ئەرۋاھلار ئىزگۈ (ياخشى) ۋە يامان ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يامان ئەرۋاھلار جىن - ئالۋاستىلار بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، كېسەللىك ۋە بەختسىزلىكنىڭ مەنبەلىرى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ تۈپ قاراشقا ئاساسلانغاندا شامان تىبابەتچىلىكى تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا، جۈملىدىن جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. بىراق بۇ كۈرەشنى يەنىلا دىنىي خۇراپىي ئۇسۇلدا - ھامىي ئىلاھلار ۋە ئىزگۈلۈك ئەرۋاھلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى چىللاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە يامان ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بارغان بولىدۇ.

شامان ئېقىم قائىدىلىرى ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئوتتۇرا ئەسىر دىنلىرىغا، بولۇپمۇ ئىسلام قائىدىلىرىگە قارىغاندا ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ غەيۇر پەزىلەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ چەۋەندازلىق، جاسارەتلىك ساددا تەبىئىي خاراكتېرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ھامىي ئىلاھلار، ئىزگۈ ئەرۋاھلارغا يېلىنىپ نەزىر - چىراق قىلىش، قۇرۋانلىق قىلىش، تايىنىش بىلەن بىللە جىن - ئالۋاستىلارغا خەنجەر (ئەكىنەك) [1] باخشى دېپى، نەيزە ئۈچلۇق ھاسا، چاچاتقۇ ئوت، قوغلىغۇچى چوماق ۋە خوخا- تىككەن قاتارلىق "قوراللار" نىمۇ ئىشلەتكەن. ئۇلارغا مەدھىيە ياكى سېھىرلىك دۇئالىرى ئەمەس، بەلكى "كۈدە"(ئەسكى ئاچ - ئەرۋاھ) ، "رەسۋا" "شەرمەندە " "چىق!"،"ئوت قويىمەن" "چۆللەرگە كەت!" قاتارلىق تىللاش، پوپوزا قىلىش ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇغان. شامان ئېقىم - ئىرىمچىلىكىدىكى جىن - ئالۋاستىلارنى بىر نەرسىگە ئوقۇپ بەنت قىلىش، كومىزەككە سولاپ سۇغا غەرق قىلىش، كۆمۈش، ئېقىتىش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، مۇداپىئە تىل تۇمارى يېزىش كېيىنكى زامانلاردىمۇ ساقلانغان. تۈرلۈك رىۋايەت - ئەپسانىلاردا ئوبرازلاشتۇرۇلغان 4 - ئەسىردىكى بۇددا ساياھەتچىسى فاشەن ئۆزىنىڭ «بۇددا ئېلى خاتىرىلىرى» (佛国记) ناملىق كىتابىدا تەكلىماكان چۆلىدە "كۈدە ئالۋاستى"، "ئىسسىق شامال" بارلىقىنى، ئاسماندا قۇش، يەردە يىرتقۇچ يوقلىقىنى ئۇچرىغان كىشى ئۆلىدىغانلىقىنى ئەپسانىلاشتۇرغان. " ۋەينامە" دە "ئىسسىق شامال" كەلگەندە ئۆگىلەر تومشۇقىنى تومغا تىقىۋالىدۇ. ئەگەر ئاغزىدىن كىرىپ كەتسە ئۆلىدۇ. دېيىلگەن. سۈي دەۋرىدىكى خې جۈيى «غەربىي دىيار خاتىرىلىرى» دە، تەكلىماكان قۇملۇقىدا كېچىسى، ھەتتا كۈپ - كۈندۈزدىمۇ ناخشا يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئادەم تۇرۇپ يوقاپ كېتىدۇ دەپ يازغان. ماركوپولو سایاھەت كىتابىنىڭ "لوپ شەھىرى" ناملىق 56 - بابىدا كېچىسى يول ماڭغاندا ھەمراسى ئاۋازىدا ئالۋاستى سۆزى ئاڭلىنىپ، ھەتتا ئىسمىنى چاقىرغاندەك بولىدۇ. ساز ھەم داپ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ، دەپ يازغان. بۇ ھەر قانداق زور جەزىرىدە بولىدىغان قۇملۇقنىڭ تەبىئىي ھادىسى بولۇپ، شامان ئەپسانىلىرى تەسىرىدە سىرلىق بولۇپ كەتكەن خالاس. بىراق شامان دىنىدىكى كىشىلەر بۇنى قۇملۇقتا ھەيدەلگەن قاباھەتلىك ئالۋاستى (كۈدە) لەرنىڭ بىشارىتى دەپ چۈشىنىدۇ،

---

(1) سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى قەدىمقى قەبرىلەردىن ئېچىق سىزمىلىك بىرونزا خەنجەر ۋە مونچاق قاتارلىقلار تېپىلغان.

چۈشەندۈرىدۇ. گېگېل ئۆزىنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق كىتاۋىدا: "شامان دىنىدا شامان سەردىگالىرى ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ، ساماغا چۈشىدۇ. ئەپسۇن ئوقۇيدۇ، يەردە زوڭزىيىپ ئۆزۈندىن ئۆزۈن سۆزلەيدۇ. بۇ جىن - ئەرۋاھلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن قارىتىلغان" (25 - بەت) دەپ **يازىدۇ.**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھاياتىنى ۋە ئائىلە پىچىمىرىش كۆچلىرى جەمەتىنە "ناتىلىغلار مەدىنىيىتى" ھارۋا (فانقا ئىختىرا قىلىشچەريانىنى ئىپادىلەيدىغان «ئوغۇزنامە» ئېپوردىيىسىدە، ئوغۇزخاننىڭ يېنىدا ئۇلۇغ تۈرك ناملىق كۆمۈش چاچلىق، ئېگىز گەۋدىلىك شامان مەسلىھەتچىسى بولغانلىقى، چۈملىدىن "كۆك تەڭرى" باش مۇئەككەل ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئورخۇن تاش پۈتۈكلىرىدە باش تەڭرى - «كۆك تەڭرى» تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا "قاقىن ئۇماي" ناملىق بالىلار ھامىيسىنىڭ بارلىقى، "يوغ" ... (ئۆلۈم) مۇراسىمى ۋە جەسەتنى ئۇلۇغ ھېسابلانغان كۆندە كۆمۈشكە ساقلىنىدىغانلىقى يېزىلغان. قىپچاق دەشتىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ساياھەت قىلغان لوبلوك *Lobloek* تەبرە يېنىغا ياغاچ قادىلىپ قوچاق ئېسىلىدىغانلىقىنى كىشىلەر يانلىرىغا بۇلغارى فاپچۇق ئېسىپ ئۇنىڭغا كىچىك قوچاق مەبۇدنى ئېسىۋالىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان. 9 - ئەسىردىكى ئەرەپ جۇغراپىيىچىسى ئىبنى خەلدات بىزگە بۇ ھالنىڭ كىمەكلەر ئارىسىدىمۇ ساقلانغانلىقىنى ئېيتقان. ماركوپولۇ شىمنجاڭ ئارقىلىق خانبالىققا (بېيجىڭگە) قىلغان سەپىرىدە تىيانشاندىكى بۇغدا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قاتۇن بوغدا توغرىسىدا، شۇنىڭدەك ھەر بىر ئائىلىدە كۆك تەڭرىسىنىڭ نامى يېزىلغان. ئاستىدا "ناتىگەي" (*Natigayi*) (يەنە بىر جايدا *Nacigai*) مەبۇدىسىنىڭ تەسۋىرى ھەيكىلى قويۇلغانلىقىنى ئۇ يەر يۈزىدىكى بارلىق بايلىق ۋە ھوسۇل مەبۇدىسى بولۇپ ئۇنىڭ، يېنىغا ئۇنىڭ خاتۇنى، بالىسىنىڭ قورچىقى قويۇلىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ماركو پولۇ، بۇ قورچاقلارنىڭ لاتا - كىگىزدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، تاماق ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزى گوش مايدا مايلاپ قويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان(1). غەرپ ساياھەتچىسى لىرتانىن "ناتىگەي" نىڭ "ئەمدىگەل" دېگەن باشقا نامىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. بۇ خىل ئەم - ئىرىملىق، ھامىلىق مەبۇدلىرى يېزىق رىۋاجى بىلەن پۈتۈك تۇمارلارغا ئايلانغانلىقى شۈبھىسىز. «شەرھى ئاسامۇل مۇسلىمىن» دېگەن كىتاپتا كۆرسىتىلگەن "ئامان"، "ئەمىق"، "ئۇمىت"، "پۇراخ"، "تاھىن"، "تابوي"، "گۇسان"، "ئەركىل"، "ساۋان"، "سوقۇن"، "دىۋىل"، "سالاق"، "تاپقىر"، "ئانوق"، "قىتمىن"، "نارون"، "ھامۇن"، "ھىجىل"، "ياسىن"، "ياۋۇق"، "ياھۇر" قاتارلىق ئاتالمىش "يۈرك پەيغەمبەرلىرى" شامان باخشىلىرى، ئاقارىلىرى (*acari*) ۋە ئاتا ساغۇنلىرى بولۇشى ئېھتىمال.

ئىپتىدائىي شامان ئەم - ئىرىمچىلىكى يالغۇز ئەرۋاھلار ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، كېسەللىنى روھى جەھەتتە ئۈمىتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەنمىگەن. خەلق يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا ئۈنۈملۈك بىۋاستە ماددى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. "دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك"-دە ئانوم (ماخاۋ)، چەكەك (چېچەك)، كەزىك (كېزىك)، ئەنۈچ (كۆزنىڭ پەردىلىنىشى)،

---

(1) «ماركو پولو سايامەت كىتاۋى» 69 - باپ 246 - بەت 103 - باپ (116 - بەت) دە قىيارالسۇن.

ئانغاق ( ئاشقازان ياللۇغى ) ، تالاغۇ ( دىزىنتېرىيە ) ، تۇماغۇ ( زۇكام ) ، بالىخ ( جاراھەتلىنىش ) ، سەگمىل ( داغ چۈشۈش ) قاتارلىق كېسەللىكلەر ، ئالوچىن ، ئوراغون ، ئىگىر ، ئاگدۇز ( راسان گىيا ) كەكرە ، تالقا ( غورا ئۈزۈم ) ، بىبلى ( پىلپىل ) ، شوغلۇ ( ئىشت ئۈزۈم )، سارىخ تۇرما ( سەۋزە ) چىندان ( سەندەل ) ، مەندار ( ھىندىقى چېچەك ) ، بىتىرىك ( پىستە ) ، باتدۇل ( ئۈزۈن مۈچ ) كۆكنار ياپرىقى قاتارلىق دورا گىيالىرى ، ئىبىروك ( قېتىقتا ياسالغان سۈرگە ) ، ئەتروم ( سۈرگە ) ، بوخسۇم ( بوزا ) قاتارلىق پىشىقلانغان دورىلار ، سۈزۈندى سۇ ( تىندۇرۇلغان سۇ ) ، بەلىك ( جاراھەت ئەسۋابى ) ، ئارقا جۇق ( ئېغىزغا دورا قۇيىدىغان قوشۇق ) قاتارلىق تىببى ئۈسكۈنىلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك بىپىت ھەم تۆرتلىك قوشاقلار تىلغا ئېلىنغان . ①

ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەبىئەت بىلەن شۇغۇللۇنۇش جەريانىدا ، گەرچە ئۇنى ئىلاھلاشتۇرغان بولسىمۇ ، يەنىلا تەبىئەتنى ئۇنىڭ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئەينەن كۆزۈتۈشكە ئاساسلانغان . ماددى ـ كۈندۈلۈك ھايات ، مىڭلىغان ، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ماددى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددى ئىستېمال ، جۈملىدىن كېسەلچىلىككە قارشى ئەمەلى پائالىيىتى تەبىئەتنى بىر قانچە توپ شەيئىگە ۋە خۇسۇسىيەتكە بولۇپ چۈشۈنۈشكە ئېلىپ كەلدى . بۇ يالغۇز قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ھايات ـ تەجرىبە ساۋاقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل تۇرانى خوشنا قەبىلىلەرنىڭ ، ھەتتا ئەڭ قەدىمقى ئارىسان ـ ئانتوروپۇلار ۋە ساكلارنىڭ ھايات ـ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى ئىدى . بۇ ھال ئۆز ئارا تەسىر قىلالىغان ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ شۇ خىل سادda ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئەڭ قەدىمقى تۆرت تەرەپ تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېلىپ كەلدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېشكىتاش كىلتېمىنا غار خارابىلىرىدىن تېپىلغان كۆل قاتلاملىرى بىرونزا مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 — 3000 يىللارغا ئائىت ئاخاناشىپ مەدەنىيىتى ، يەنىسەي ۋادىسىدىكى ئانتوروپۇلار مەدەنىيىتى ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000ـ،2000ـيىللارغا ئائىت قاراسۇقلار مەدەنىيىتىدىن ئوتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئائىت ئارخېلوگىك مەلۇمات ئالالايمىز . ئوتقا ھۆرمەت قىلىش ، ئوتقا سېغىنىش ، ئوتقا ئىسرىق تاشلاش ، ياغ بۇرۇتۇش ( دەسلىۋىدە قىزدۇرۇلغان تاشقا ياغ چېچىش ) ، قاپاق كۆيدۈرۈش ، ئاي ـ كۈن تۇتۇلغاندا مەشئەل كۆيدۈرۈپ مۇناجات ئوقۇش ، ئىككىدا ئوتتىن سەكرىتىش ، ئوت بىلەن ئۇچۇغداش ، بېشىدىن ئوت ئايلاندۇرۇش ، ئۆلۈم بولغان جايغا چىراق يېقىش ، قىزدۇرۇلغان تاشقا سۇ چېچىپ بوغلىنىش ( پاردا يۇيۇنۇش ) قاتارلىقلار ئىپتىدائى تۇران ئاھالىسىنىڭ ئوتقا بولغان ئالى ھۆرمىتىنى ئەكس ئېتتى . دەسلەپكى قازان ۋە ئىسرىقدان يەنە كېلىپ ـ پۇراقلىق گىيا قويۇلغان ساپال قاچىغا قىزدۇرۇلغان تاش پارچىلىرىنى قويۇش بىلەن ھەل قىلىناتتى . مەشھۇر يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتۇس ئۆزىنىڭ « تارىخ » ناملىق كىتاۋىدا ، ماساگېتلارنىڭ مېۋىلەرنى توپلاپ ، گۈلخان يېقىپ ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ خۇشپۇراق چىقىرىپ مەس

① مەھمۇت قەشقەرى ئۆز كىتاۋىدا : ئېگەر بولسا ئەر ئولمەس ، ئادىز بولسا ئات ئۆلمەس ، دېگەن خەلق ماقالىسىنى كۆرسۈتىدۇ . م . ئوكوسۇدىن «ئىپتىدائى مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا ، ئىچ سۈرۈشتىن يالىلار كۈپلەپ ئولۇش ، ( ئۈتەك ) شاتىراق كېسەللىكىدىن قوزىلار كۈپلەپ قىرىلىپ كېتىش باشلانغۇچ كىشىلەر ھاياتىدىكى مۇھىم بىر خەتەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن .



Altun0q

بولۇپ ، ناخشىلار ئوقۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈدىغانلىقىنى يازغان « بارجوق ئارتىكىن تەزكىرىسى » دە كۆرسىتىلگەن رىۋايەتلەردە ، تاشقا ئوقۇپ ، ئۈستىگە سىركە چېچىپ تاغنى يېرىش ئەپسانىسى تەسۋىرلەنگەن . « ئوغۇز نامە » دا ئوت رەڭلىك ئالتۇن خوراز " خاسىيەتلىك » سىمۋول بولغان ئوغۇزخان ئۆز ئوغۇللىرىغا ئاي ، كۈن ، يۇلتۇز ئىسمىنى قويغان . يۇقۇرى ھارارەت تەلەپ قىلىدىغان » قارا ئالتۇن ( تۆمۈر ) ئېرىتىش سارماتىنلار ئارىسىدا ئىلاھىي ماھارەت ـ سەرگالىق ھېساپلىناتتى . « ئاۋېستا » دا خەلقنى ئاياق ـ ئاستى قىلغان يامان ئەجدىھانى يەڭگەن تۆمۈرچى كاۋىنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن ① . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنى بۆشۈگىگە ئايلىنىشى ، مۇقەددەس " ئاتار خورا » ئوتىغا چوقۇنۇش ۋە ئوت توغرىسىدىكى تۆرلۈك ئېرىم ئەپسانىلىرى سەۋەپسىز بولمىغان . سەمەندەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئوت توغرىسىدىكى دۇنيا قاراش بىلەن زىچ باغلانغان . « ماركو پولو ساياھەت كىتاۋى » نىڭ 59 ـ بابىدا ئۆز ھەمرايى زۇلپىقار بىلەن بىللە تەڭرى تاغ ئەتراپىدىن " سەمەندەر تېشى » ( تاشپاختا ) ئېلىپ ، رىم پاپاسىغا جەسەت ئوراشقا سوغا قىلغانلىقى يېزىلغان . ئەسلى رىۋايەتتە ؛ سەمەندەر ئوتتا كۆيمەس بىر خىل ساچقان شەكىللىك جاندار بولۇپ ، ماركو پولو بىلەن زۇلپىقار تاش پاختىنى سەمەندەر ( *Salamandar* ) تېشى دېيىشكەن.

ئوت بىلەن بىللە سۇمۇ مۇقەددەس ھېساپلىناتتى . سىر ( تانايىس ) دەرياسى بىر زامانلاردا شىپالىق سۇ دەپ ئاتالغان . خەلق ئىچىدە ، سۇ بارلىق ئىللەتلەرنى ئاقتۇزىدۇ ، سۇدىن چىققان كىشى يېڭىلانغان بولىدۇ . سۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى پاكلىقىنى بۇزغان كىشىلەر گۇناكار بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشلار ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلات ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن . قەدىمقى شامان ( قامان ) باخشىلىرى ، ئۆيلەنمەستىن ئىككى ئەرۋايى مەھبۇبى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى . ئۇلارنىڭ بىرى سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى بولسا ، بىرى دەرەخ ئىلاھىنىڭ قىزى دېيىلەتتى . « ئوغۇز نامە » دە ئوغۇزخان ئۆز ئوغلىدىن بىرسىگە " دېڭىز » ئىسمىنى قويغان دېيىلىدۇ . ئوغۇزخان تۇنجى گۈزەل مەھبۇبىنى نۇر ئىچىدە ئۇچراتسا ، ئىككىنچىسىنى كۆل ئىچىدىكى دەرەختە ئۇچراتتىدۇ . شامان دىنىدا دەرەخ مۇقەددەس ھېساپلانغان . « بارجۇق ئارتىكىن تەزكىرىسى » دە بوكوخان " دەرەخ قارنىدىن پەيدا بولغان » دېگەن ئەپسانە يېزىلغان . « ماركو پولو ساياھەت كىتاۋى »دا قۇبلەيخان دەرەخنى ئۇزۇن ئۆمۈر بېغىشلايدىغان خاسىيەتلىك نەرسە دەپ قاراپ ، دەرەخ تىكتۇرگەنلىكى بايان قىلىنغان .

ھېكمەتلىك ھېساپلانغان تۆرلۈك تاشلار تۇز ۋە پايانسىز تۇپراق بىلەن بىللە ئاي ، كۈن ، يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز ئاسمان ، پەسىللەر پەردىلىرىنى ئاچىدىغان ، ھاۋارايىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شامال ، ھاۋا ، ئالەم ۋە ھاياتلىقنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى ھېساپلانغان . گىرىك تارىخچىسى ھېررودوتوس ( مىلادىدىن ئاۋالقى 425 ـ 484 ـ يىللار ) جەنۇبى ئالتاي ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى كاسپىي ۋە قارا دېڭىز ياقىسىغىچە بولغان قىپچاق دەشتىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنى بىر مەنبە دەپ ھېساپلىغان ۋە ئۇلارنى " سىكىفلار » دەپ ئاتىغان . « ئاۋېستا » دا سىكىفلار يۇرتى توغرىسىدىكى بايانىدا ، مەرۋى ، سوغدى ، بەختى

① م. ئى. يوكۆ مۇھەررىرلىكىدىكى سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن « دۇنيا ئومۇمى تارىخى » 2 ـ توم 832 ـ بەتكە قارالسۇن.

( باكتىرىيە ) قاتارلىقلاردىكى سكەت ( سىكوزىيە ) تىلىدا ئېلىنغان ، ئىرانلىقلار ئۇلارنى "ساكلار" دېيىشكەن. سىماچيەن « تارىخنامە» دا ساكلارنى " سەيجۇڭ" دەپ ئاتىغان. م.ئى. ژۇكوۋ مۇھەررىرلىكىدە بېسىلغان « دۇنيا ئومۇمىي تارىخى » 1 - توم 626 - بەتتە سۆزلەك سىلىشتۇرمىسى ۋە ئارخىلوگىيلىك مەدەنىيەت سىلىشتۇرمىسى ئاساسىدىكى تەتقىقات بويىچە ئاندىرېۋۇ ۋە سارماتلارنىڭ بىر ئۇرۇغداش مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ساكلارنىڭ بىۋاستە ئاتا - بوۋىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن " *Fleare* " ۋە *Peake* لەرنىڭ "*SteppeandSown*" « (يايلاق ۋە ئېكىنچىلىك ) ناملىق ماقالىسىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا ئاندروپوۋلار قەشقەرىيە ۋە كەڭسۇ ( گەنسۇ ) كارىدورىدا پەيدا بولدى، دەپ يازغان . ئامېرىكا تارىخچىسى ۋىليام ئېككوۋىرىن ئۆزىنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى ئەللىرى تارىخى » ناملىق كىتاۋىدا : " سارماتىن قەبىلىلىرىنىڭ بىرقىسمى بىرچاغلاردا موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگەللىگەن. شۇ چاغدا قەشقەرىيەنىڭ كۆپچىلىك جايلىرىنى ئىگەللىگەن خەلقنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ئېنىق شۈبھىسىز ھالدا سارماتىنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان" دەپ يازغان. ۋ. ۋ. بارتولىد كونا خارازىم خارابىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدىن ئۇنىڭ سكەت ( سىكىف ) مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ساكلارنى « شاھنامە » داستانىدا تەسۋىرلەنگەن تۇران قەھرىمانلىرى بىلەن بىر دېگەن مۇلاھىزىنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدىكى بولغان قەدىمقى زامان تارىخچىسى مېتلېنىسكىي سكىف شاھى ئوماركىنىڭ قىزى ئاتادىدا بىلەن زەررىدارنىڭ مۇھەببىتىنى، ئوماركىنىڭ رەت قىلىشى ۋە تامايىس دەرياسىنى كېچىپ كەلگەن زەررىدارنىڭ غەيرى توي ئۈستىدىن چۈشۈپ ئاتادىدانى ئېلىپ قېچىشى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان يازما ھېكايەت بارتولىد مۇلاھىزىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . ھېرودوتوس قەدىمقى سكىفىيىلىكلەرنىڭ پىروسىيىگە بىر قۇش ، بىر پاقا ، بىر چاشقان بىلەن بىللە بەش تال ئوق ئەۋەتكەنلىكىنى بۇ مەيلى ھاۋادىن ، زېمىندىن ، سۇدىن كەلسەڭمۇ يوقىتىمىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان ھېرودوتوس سكىفلارنىڭ غەرپكە سۈرۈلگەن قىسمىنى ئۇلارنىڭ قارا دېڭىز شىمالىدىكى جەنۇبىي قەبىلىلىرىنى غەرپكە قوغلاپ ، بۇ جايلارنى ئىگەللىگەنلىكىنى يازغان . ھېرودوتوس سكىفلار قارا دېڭىز شىمالىدا قىرىمدا ئولتۇراقلاشقان دەۋر بىلەن زاماندىش بولغاچقا ، ئۇلار ھەققىدە تەپسىلىي ۋە بىۋاستە مەلۇمات يازغان ، ئۇ خەنجەرنى " ئەكىناك" دەيدىغانلىقىنى ، ئات قوشقان ھارۋا چېدىرلارنى ، ئۇلاردىكى تەگرى مەبۇدلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا قىينىلىپ ، گىرېكلارغا ئوخشايدىغان پۈتۈنلەي باشقىچە خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن . ھېرودوتوس ، ئۇلاردا پىياز ، سامساق ، ئارپا ، پۇرچاق ۋە باشقا دانلىق زىرائەتنىڭ بارلىقىنى يازغان .

ھېرودوتوستىن كېيىنرەك ياشىغان مەشھۇر يۇنان دوختۇرى ھىپوگورات بەقرات ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 377 - 460 - يىللار) سكىف تىبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. ب. د. پېتروۋ ( Б·Д·Петров ) مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن سېۋېت مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «مېدىتسىنا تارىخى » نىڭ 1 - تومىدا ، ھىپوگىراتنىڭ ئەسلى گىرېك دوختۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سكىفلار ئارىسىدا ياشىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ مېدىتسىنالىق كۆز قارىشىغا ئاساس سالغان ، «ھاۋا ،سۇ ، تۇپراق» ناملىق رىسالىسىدە،

سىكىفلار تىبابەتچىلىكىنىڭ مەلۇم تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلغان. (خەنزۇچە 1957 ـ يىلى نەشرى 57 ـ بەت) بۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە *nepuki* خانلىقى زامانىدا سىكىف تىبابەتچىلىرى ۋە ئىرمىچىلىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ①. كىتابتا يەنە ھىپوگىراتنىڭ «ئەمچىلىك ئەقىللىرى» ناملىق رىسالىسىدە تولاراق سىكىفلار ۋە ئاسىيا خەلقىنىڭ تىببى تەسەللىرى توپلانغان دېيىلگەن. ھىپوگىرات «تۆت تەرەپنى»، «تۆت فىزىس» (*fizis*) دەپ ئاتىغان. تۆت خىلىت توغرىسىدا كۆز قاراش يازما ئەدەبىياتتا ئەڭ دەسلەپ ھىپوگىرات ئەسەرلىرىدە ئۇچرىغان، ھىپوگىرات تۆت خىلىتنى «تۆت مىزاج» (气质) دەپ يازغان ②. ھىپوگىرات تەلىماتى كېيىنكىچە ئەرەپ ۋە ئىسلامىيەت تىبابەتچىلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق تەتقىق ۋە تەرجىمە قىلىندى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر تىبابەتچىسى ئىبنىسىنا ئۆزىنىڭ تىببى تەلىماتىنى ئۇيۇشتۇرغاندا «تۆت خىلىت» نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغان. بۇ پەن تەرەققىياتىدىكى ئىنكارنى ـ ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ۋارىسلىق ۋە راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى؛ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نوقۇل ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىندا، نوقۇل ئۇيغۇر تىبابەتچىلىرىنىڭ تەلىماتى دەپ چۈشىنىش، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە جۇغراپىيىلىك چېگرىلار تەلەپ قىلىش، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەبىئەت ئىلمىدىن ئىبارەت تۈپ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن بولالمايلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ گەۋدىسى، مەنبەئى، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش تارىخى ئەمەلىيىتىگە ۋە ئۇيغۇن ئەمەس. بىز ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دېگىنىمىزدە، باشقا مىللى تىبابەتچىلىكتەك، ئۇيغۇرلار تارىختا داۋالاش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ (جۈملىدىن باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ) تىببى پائالىيەتلىرىدىن يەكۈنلەنگەن تىبابەتچىلىكنى نەزەردە تۇتىمىز. تىبابەتچىلىك مىللى تىل ـ ئەدەبىياتتەك ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن خاس ۋە پەقەت شۇ بىر مىللەت ئىچىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئىلمىنىڭ بىر مىللى تارمىقى. بۇ يەردە مەشھۇر ھۆكۈما ۋە تېۋىپلارنىڭ مىللى ياكى تېررىتورىيەلىك تەۋەلىكى بىلەن ئۇلار ئىختىرا قىلغان تەبىئى پەن تەلىماتلىرىنىڭ خەلقارا تەسىرىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. بىز ياۋروپا تىبابەتچىلىكى دېگىنىمىزدە، فىرانسۇز، ئېنگلىز، ئىتالىيان، نېمىس ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىبابەتچىلىكىنى، موڭغۇل تىبابەتچىلىكى دېگىنىمىزدە، موڭغۇللار ۋە شۇ ئەتراپتىكى قېرىنداش خەلقلەر تىبابەتچىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە تورانى (جۈملىدىن سىكىفلار) خەلقلەر ئارىسىدىكى «تۆت تەرەپ» تەلىماتى باشقا خەلقلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ قەدىمقى تارىخىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھىندىستاننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت «چارۋافا» ③ تەلىماتىدا، ئالەم ـ ئوت، سۇ، ھاۋا تۇپراقتىن ئىبارەت تۆرت تەرەپتىن تۈزۈلگەن دېگەن ئىپتىدائىي ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە ياشىغان كىچىك ئاسىيادىكى ئىئونىيالىق تالېس «سۇ» نى «ئاناكسىمان»، «ھاۋا» نى «گىراكلىت»، «ئوت» نى «ئاناك-

---

① ② يەنە م. ئى. ژوكوۋ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» 2 ـ توم 2 ـ كىتاب 96 ـ 197 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

③ بەزىلەر ئۇنى «تۆت سۆز»، «تۆت تەلىمات» دەپ شەرھىيلىسە، بەزىلەر «ئوتقاي سۆزلەر» دېگەن گەپ دەپ ئىزاھلايدۇ.

سىماندىر»، «چەكسىزلىك» نى «پىياگور» ( فىساغور )، «مىقدار» نى «كىنچە ئاناكساگور»، «نەرسە ئۇرۇغى» نى ئەنە شۇنداق ئالەمنىڭ بىردىن - بىر ئاساسى دەپ كۆرسەتكەن .

ھىندىستاندا ئېخىمۇ قەدىمقى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىرگە ئائىت) «ئوپانشاد» (Upanishad) دەستۇرىدا ، ھاۋا ئالەمنىڭ مەنبەئى بولۇپ، سۇ، ئوت، نۇر، شامال، ھاۋا، ۋاقىت ئالەمنىڭ ئاساسى ماددىلىرى دېيىلگەن . ئېلىمىزنىڭ ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمى ئاخىرلىشىش ۋاقتىدىكى باشلانغۇچ ماتېرىيالىستىك تەبىئەت كۆز قارىشى ئېخىمۇ قەدىمى بولۇپ ، «气» دىن ئىبارەت بوشلۇق ھەم ئېتىز (大) دىن بەتتىن تەرەپ - ئالتۇن ، ياغاچ ، سۇ ، ئوت ، تۇپراق پەيدا بولغان دەپ قارالغان ، بۇ قاراش مىلادىيىدىن 5 - 6 - ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان لاۋزى تەلىماتىدا پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئايلانغان ۋە جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىۋى ھولى بولۇپ قالغان .

ئۇيغۇر خەلقلىرى ، جۈملىدىن تۇرانى خەلقلەر ئارىسىدىكى «تۆت تەرەپ» چۈشەنچىسى ئېلىمىز ۋە خوشنا ئەللەر ئارىسىدىكى ئالەمنىڭ تەبىئى ماھىيىتى توغرىسىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىلەر بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن چىنلىقنى تونۇشتىن ئېلىنغان ھەم ئىپتىدائى دۇنيا قاراشقا ، ئىپتىدائى تىبابەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان ، قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاتەشپەرەستلىك ( «زەر دەشت» ياكى زارا تۇستىرا» دىنى) تۆرت تەرەپ تىبابەتچىلىكى ۋە شامان ئەم - ئىرىم قائىدىلىرىنى سىقىپ چىقارمىدى . شامان دىنى يىراق مەركىزى ئاسىيادا بايقال ساھىلى ۋە موڭغۇل دالالىرىدا تاكى 763 - يىلى تەڭرىقاغان بۆكە خاننىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ( ئاھالە ئىچىدە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ) داۋاملىق ساقلاندى . شامان دىنى بۇ رايونلاردا قوبلەيخان دەۋرىدىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى ماركوپولو كۆپ قېتىم بايان قىلغان ئىدى .

زاراتۇستىرا ① ئىجات قىلغان ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئالەمنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، پاكلىق ۋە ناپاكلىقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتنىڭ كۈرىشى بىلەن تولغان ، ئىنسان بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ تالىشىش نىشانىسى ، بۇ ئىككى قارىمۇ - قارشى سۈپەتلەر قوشكېزەك بولۇپ ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ .

ئالەمنىڭ رىۋاجلىنىشى يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن، ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن، پاكلىقنىڭ ناپاكلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا باغلىق دەپ ئىزاھلايدۇ . « ئاۋېستا » نىڭ 21 - بابىدا② «تۆت تەرەپ» نى پاكلىق ئۇنسۇرى، ئۇنى پاسكىنىلاشتۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. زەردەشت دىنى يورۇقلۇق ، قاراڭغۇلۇق ، ياخشىلىق - يامانلىق ، ھايات - ماماتنى ، ئاكا - ئۇكا ئىككى تەڭرى - ياخشىلىقلار ئىلاھى ئاخۇرو مازدا بىلەن يامانلىقلار ئىلاھى ئاخىرامان دېۋە ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئىپادىسى ۋە نەتىجىسى دەپ چۈشەندۈرىدۇ . ئۇنىڭدا ، ئوت ، قوياش ئەرلىك تەڭرىسى ، يەر ، سۇ، ئاياللىق تەڭرىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ . « ئاۋېستا »نىڭ 3 - قىسمى بولغان « ياشتا » دەستۇرىدا دۇئائى بەنت ، قاغاش ، ئەپسۇن ئوقۇش ، تىل تۇمار بېكىتىش قاتارلىق كونا ئىرىم قائىدىلىرى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە ، تۆگە سۈتى ، قىمىز ،

① زارا تۇستىرانى ياكسۇن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - 6 - ئەسىرلەردە ياشىغان دىسە ، بارتولومى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 9 - ئەسىرلەردە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىدۇ .

② ئەخمەت ئىمىننىڭ « ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى » كىتاۋىنىڭ 103 - بېتىگە قارالسۇن .

كالا سۈيدۈكىنى تازىلىغۇچى سۈيۈقلۇق ئورنىدا ئىشلىتىش ، دورا - دەرمەك بىلەن داۋالاش ، تېڭىق، ئوپېراتسىيە قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان ، ھەر خىل جىن تېگىش ، قەست تېگىش ، كۆز تېگىش ( 眼毒 ) قاتارلىق روھى كېسەللەرنى ئوقۇپ ساقايتىش تەۋسىيە قىلىنغان . گېگىلنىڭ كۆرسۈتىشىچە شىمالى تۇراندىكى چارۋىچى قەبىلىلەرگە زارتوستىرا دىنى دەرەخ تىكىش ، قۇدۇق كولاش ، چۆللۈكنى سۇغۇرۇش تەۋسىيە قىلغان ( گېگىل « تارىخ پەلسەپىسى » خەنزۇچە نەشرى 224 - بەت).

« شاھنامە » ( ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ 60 مىڭ بېيىتلىق داستانى بولۇپ ، 1005 -يىلى تاماملانغان ، 18 - ئەسىردە ياشىغان يەركەنلىك موللا خامۇش ئاخۇنۇم ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغان ، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ھېلىمۇ ساقلانماقتا ) دە ئاپراسىياپ تۈركچە ( ئىسمى ئالىپ ئەرتوڭا ) ۋە ئۇنىڭ بوۋىلىرى تور ، پىشانلار بىلەن ئۆز ئىنىسى ئاغىر ۋە ئوغلى شەيدانىڭ مىلادىدىن ئىلگىركى 5 -، 6 - ئەسىرلەردە كىرۇۋە دارا تەرىپىدىن قۇرۇلغان پىرسىيە ئېمپىرىيىسى ئالدىدىكى كەيانىتلار سۇلالىسى شاھلىرى سىياۋۇتىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ بىلەن بولغان ئىران-تۇران جېڭى تەسۋىرلەنگەن . بۇ چاغدا ئالىپ ئەرتوڭا قوشۇنى ئاتەشپەرەستلىك دىنغا ئېتىقات قىلاتتى . داستاندا بەرگى گىيانى ئىزدىگەن دوختۇر بارزۇي تىلغا ئېلىنغان . ئاپراسىياپ ھەققىدە «شاھنامە» داستانىدىن خەۋەرسىز ھالدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىگ » داستانىدا ، مەھمۇت قەشقىرى « دىۋان لۇغەتىت تۈرك » دە ، كېيىنچە موللا مۇسا سايرامى « تارىخى ئەمنىيە » دە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن . سىققەيىن « مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمقى يادىكارلىقلار » دىگەن كىتاۋىنىڭ 237- بېتىدە ، سەمەرقەنت يېنىدا ئاپراسىياپ قەلئەسىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى يازغان، ئاپراسىياپنىڭ قىزىل سېغىزدا پەشورۇلغان ھەيكىلى ئەشۇ خارابىدىن تېپىلغان . ( م . ئى ژوكوۋ مۇھەررىرلىكىدىكى « دۇنيا ئومۇمى تارىخى » 2 - توم 1068 - بەت).

ياپونىيە تارىخچىسى يۇي شىي لياۋدى ئۆزىنىڭ « غەربى دىياردىكى بۇددا دىنى» ناملىق كىتاۋىدا ، ئاپراسىياپنى ئىران كيانەتلار لىنولالىسى بىلەن بولغان ئادا - جۇدالىق جەڭدە تۇنجى قېتىم ئاتەشپەرەستلىك دىنىنى رەت قىلىپ ، بۇددا دىنىنى ھىمايە قىلغان تۇران شاھى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ .(يۇي شى لياۋدى « غەربى دىياردىكى بۇددا دىنى » 51 - بەتكە قاراڭسۇن) بۇبۇكەخاننىڭ ھانى دىنىنى، سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى مۇھىم بىر ھادىسە.

بۇددا دىنى قەدىمقى ھىندىستان بىراخمان دىنى بىلەن ئارسانلارنىڭ ھىندىستانغا كۆپلەپ ئۆزلىشىشى ئاساسىدا كېلىپ چىققانلىقى شۈبھىسىز. تارىخچى ئايان كالۇ بۇددا دىنىدىكى شىۋ (sira) تەڭرىسىنى ئارسانلارنىڭ بەخت ئىلاھى قۇتلۇ (户多罗) بىلەن يەرلىك دارسانلارنىڭ جەڭ خۇداسى كالوۋان (迦罗万) نىڭ مۇجەسسەملىشىشىدىن كېلىپ چىققان، دىگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (A. ئوسپوۋ: «10 - ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخى»1957 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 19 - بەت) نارىنىدا كىرىشسانسىنىھا يازغان «ھىندىستان تارىخى» بىلەن ئى. گ. قورشى يازغان «پاكىستان تارىخى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئارسانلار پامىردىن تارالغان يەتتە دەريا (ساپتاسىنداۋا) رايونىنى ماكان قىلىپ كېچىدىگەن. «رىگاۋىدا» دا كۆرسىتىلىشىچە ، ئارسانلارنىڭ جەڭ مۇئەككىلى ئىندارا دارسانلارنى مەغلۇپ قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە 吠利陀罗汉" 



AltunOq

ئۇلغۇرۇخان (خەنزۇچە تەرجىمىسىدە 杀死汉 دېيىلگەن) دەپ نام بەرگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن
ئۆزىگە بۇلۇت ئىلاھى دەپ نام بەرگەن. ئارسانلار بۇلۇت ئىلاھى ۋە ئوت ئىلاھى "Agni"«شەرىپىگە
قۇرۇۋانلىق (ئازنا) قىلغان. بۇددادىنى رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن ساخاۋەتلىك شىما-
ۋا بۇلۇت ئىلاھىنىڭ ئورنىنى باستى. ئارسان تىلىدىكى تۈرلۈك سۆزلەر، مەسىلەن: تاران،
(ئېقىم)، قاناۋدىچ(خان ئاغىچا)، تىركا (تىپىك-يېزىق)، ئارى (ئالىي)، داس (پەس)، گەرەم
(كەنت)، ۋازرۇگ(بۇزرۇك - ئۇلۇغ)، نۇسخا (پۇل)، ئاغى (ئاغا)،ۋىز (بىز)، مولۇت(بۇلۇت)، ئوت
تۇرا (ئارىلىق)، ياۋا (چەتئەللىك)، ئىشقارا (ھامىي)،پوترا(پۇشتى - ئوغلى)، دىۋا (دىۋە ئىلاھ-
ىيەت)، ئاتاسىن (ئادەم)، نۇر (بۇرۇق)، دۇنيا (ئالەم) قاتارلىقلار تۈركى تىران تىلىدا ھازىرغىچە
قوللىنىلماقتا. كۇسان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بۇددا راھىبى ئالىم ئاسىراگوشا بىلەن بىللە
چاراقا (Tschraka) ناملىق دوختۇرنىڭ بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن.
بۇددا دىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە شىنجاڭ ئارقىلىق كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭ-
-دى پادىشاسى مىلادىنىڭ 67 - يىلى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. تاكى تاڭ دەۋرىگىچە بول-
غان كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە بۇددانىڭ "نوم (سوترا)"دەستۇرلىرى شىنجاڭلىق، بوخارا
ۋە سوغدىلىق تەرجىمە نۇسخىسىنى، بولۇپمۇ 382 - يىلى لۈيگۇاڭ تەرىپىدىن ئەسىر سۈپىتىدە
پايتەختكە ئېلىپ كېلىنگەن كۇچارلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى قۇمرا چاۋنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاساس
قىلاتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرلىك تىلشۇناس، خەنزۇ تۈرك ۋە ئەنەتكەك (سانسكرىت)
تىل يېزىقىنىڭ ئۇستىسى فىخۇيىلىك 20 يىل ئىچىدە يازغان 100«جىلدلىق-مۇقەددەس كىتابلارنىڭ
ترانسكرىپسىيىلىك مەنىلىرى» ("قىسقىچە شىنجاڭ تارىخى» 1 - قىسىم) ناملىق ئۈچ تىللىق كىتاۋى
ئاساسىدا تەرجىمىچىلىك قېلىپلاشتۇرۇلغان.
بۇددا دىنى شىنجاڭدا كۈچلۈك يىلتىز تارتقان ئۇنىڭ مەدىنىيىتىكە، جۇملىدىن تىبابەتچى-
لىككە بولغان تەسىرى زور بولغان. خوتەن (غوزتانە - ستەيىن كونا نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان
تارشا پۈتۈكتە "غوزتانە» دېگەن). بۇددا دىنىنىڭ، بولۇپمۇ ماھايانا چوڭ مەزھىپىنىڭ مۇھىم
ئوچىقىغا ئايلانغان ئىدى. خوتەن ھۆكۈمرانلىرى مەمۇرىي مەنسەپلىرى-
رىدىن تاشقىرى، مۇددا ھامىسى سۈپىتىدە ئالىي مالايىك - دىۋاراجا (圣天) دېگەن پەخ-
رى نام بىلەن ئاتىلاتتى. فاشيەن( 402 - يىلى) شۈەنجۇاڭ (644 - يىلى) خوتەنگە كەلگىنىدە
ئۇنى مۇھىم بۇددا مەركىزى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئۇلار خوتەندىكى راھىپلار سانىنى 10 مىڭ-
دىن ئارتۇق پەقەت چوڭ ماناملىق ئىبادەتخانىدا يېتىپ، ئىستىقامەت قىلىدىغان راھىپلار
3 مىڭ بولۇپ يېتىش - قوپۇشنا داڭ چىقىراتتى، دەپ يازغان. كۇچار بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا كىچىك
مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر ئۇچىقى بولغان. راھىپلار سايا ھەتتاملىرى بىلەن «لۈيگۇاڭ تەزكىرىسى»
دە خان سارىيى ئوچقات شەھەر ئىچىگە جايلاشقان. ئۇنچۇ مارجان، زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بې-
زەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. قىزىل مىڭ ئۆيى ۋە 1362 - يىلى تۇيۇقسىز قۇمغا غەرق بولۇپ، ئاھا-
لىسىنىڭ بىر قىسمى ئەرۋىل ئاقسۇ تەرەپكە كۆچكەن كۇچار يېنىدىكى شەھەرى كىنىتىك (مۇللا مۇ-
ھەممەت تۆمۈر قارىغاشنىڭ «تەزكىرىي رىشات» ئەسەرىدە قارالسۇن) ئۇ چاغلاردا ئاۋات بۇددا
قەلئەلىرى ئىدى. قۇملۇقتىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە "قۇرۇۋانلىق قىلىنغان تۆگىلەر» توغرى-
سىدا قاراشتى يېزىقلىرى بېزىلىپتۇ. كۇچار ھىنايانا كىچىك مەزھىپىدىكى - تۆت تۈس» (四色)
يەر، سۇ، ئوت، ھاۋا "تۆرت ئەمەل» ( 四心 ) "دۈچارلىق»، "ئويلاش»، "قىلمىش» ، "بى-

لىش «تىببىي كۆز قاراش ۋە داۋالاش پائالىيىتىگە تەسىر قىلماي قالمىدى.

ياپونىيە تارىخچىسى يۇي شى لىياۋدى «غەربىي دىياردىكى بۇددا دىنى» ناملىق كىتاۋىدا كۆرسەتكەن، شىنجاڭدا تەرجىمە قىلىنغان تۇرغۇنلىغان بۇددا كىتاپلىرى كاتالوگىمدا ناخشۇ (ئەھقال كارامەت ئاسرار دىگەن تەخەللۇس بولىشى مۇمكىن) تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان (زوقنامە)، «胞胎经» (مۇسىبەت نامە)، «大哀经» (ھامىلدارلىق كىتاۋى)، «乐想经» «宦文所问经» (ئاياللار بىلىم كىتاۋى) قاتارلىقلار تىببىي كىتاپ بولۇشى ئېھتىمال. كاتولوگدا ناخو پەقەت مۇشۇ خىلدىكى كىتاپلارنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. قالغان بۇددا دىنى كىتاپلىرىدا ئۇنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ ئادەمنىڭ كەسىپ ئەھلى ـ تىبابەتچىلىگىنى دەلىللەيدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا ھىندىستان تىبابەتچىلىگىنىڭ تەسىرى بىر تارىخى پاكىت. تاشقى كېسەللىكچىلىكنى ئاساس قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە شۇشرۇت تەرىپىدىن يېزىلغان «ئايۇرۋېدى» (ھايات كىتاۋى) نىڭ شىنجاڭغا تەسىر قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ چاغلاردا غەرب بىلەن ئېلىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دورا، دەرمەك سودىسى ئاۋات بولغان. ئەپيۇن ۋە ھىندى نېشىسى بىلەن بېھۇش قىلىش ۋە تىبابەتچىلىكتە قوللىنىلغان ئىدى. تىبەت (زاڭزۇ) تىبابەتچىلىكى 5 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن، شىنجاڭ تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆز ـ ئارا تەسىر قىلىشقان. تىبەت تىبابەتچىلىكى چوڭ ـ كىچىك يۈتۈگبلار (妥玉) ۋە لاما گىگەنلەر تەرىپىدىن داۋاملىق تولۇقلىنىپ، 13 ـ ئەسىرلەردە لاما دىنى ئارقىلىق موڭغۇل تىبابەتچىلىكىگە، چاۋشيەن ۋە ياپونىيە تىبابەتچىلىكىگە ھەسسە قوشتى.

8 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە ماشا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغاندىن كېيىنمۇ، بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ مەھەللى تەسىرىنى يوقاتمىدى. قارا بالغاسۇندا شامان دىنى بىلەن مانى دىنى، ئىدىقۇتتا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى (سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ 981 ـ 983 ـ يىللاردىكى «ئىدىقۇت خاتىرىلىرى» ۋە «سۇڭ تارىخى، ئۇيغۇر تەزكىرىسى»گە قارالسۇن)، كۇچار، قەشقەر، خوتەنلەردە بۇددا دىنى، شامان ئەقىدىلىرى ساقلاندى. «چىستانى ئىلىگ بەگ» داستانىدىن بىز 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردە تارالغان سىلاق (ۋابا) كېسەللىكىنىڭ ئېغىر پاجىئەسىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى بىر قىسىم كۆرەش مەنزىرىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. 1902 ـ يىلى گىرۇنۋېدېل بىلەن ھوت، 1906 ـ يىلى لىكوك تۇرپاندىن تاپقان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى دۇئانامىسى 15 پارچە بولۇپ، يورۇقلۇق ۋە بەش خىل ئۇنسۇر (بەش تەرەپ) تەڭرىسى ھورمۇزدانىڭ ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن بىللە شەيتان ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان جەڭ يېرىم خىيالى يېرىم رىئال ئىبارىلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مانى دىنى خىرىستىيان بىلەن ئاتەش پەرەسلىك ۋە قىسمەن بۇددا ئامىللىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، يەنىلا يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق زىددىيىتىنى ئاساس قىلاتتى. مانى دىنى زاراتۇستىدا دىنىدىن پەرقلىق ھالدا ئىبادەتنى، سۇ بىلەن پاكلىنىشنى، نىۋپۇسنى چەكلەشنى ۋە تەقۋاچىلىقنى تەلەپ قىلاتتى. تارىخچى كات ئۆزىنىڭ «جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە تارقىلىش تارىخى» دىگەن ئەسىرىدە، تۇرپاندا مەتبۇئاتچىلىقنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى رىۋاجى، ئۇيغۇر خەنزۇ، تاڭغۇت، ئىنەتكەك، پارس، سۈرىيە يېزىقلىرىدا بۇددا، مانى، خىرىستىيان كىتاپلىرى

سىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. خىليوت دۇڭخۇاڭدىن نەچچە يۈزلىگەن (ئۇيغۇر باسما ھەرپلىرى قاچىلانغان) سوغىنى تاپقان. 1910 - يىلى مالوۋ سىرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن 8-، 9- ئەسىردە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان بۇددا كىتاۋى ”ئالتۇن يارۇغ“ نى تاپقان. ستەيىن 1908 - يىلى دۇڭخۇاڭدىن 338 مىسرالىق بۇددا دۇئانامىسىنى تاپقان. 1930 - يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان ”شۈەنجاڭنىڭ تەزكىرىسى“ بۇرسوراپتۇ سامسۇقارنىڭ ”نوم پۈتۈگى“ 9- ئەسىردە سالى تۇتۇڭ ناملىق ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئەنەتكەك تىلىدىن تارغاچ (خەنزۇ) تىلىغا، ئۇنىڭدىن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇ ماتېرىياللار تىبابەتچىلىك ۋە ئومۇمى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. مانى تەلىماتى، قەدىقى ئۇيغۇر ئەم - ئىرىم قائىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. جۈملىدىن دورىگەرلىك سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە داۋاملىق تەسىر كۆرسەتكەن.

شىنجاڭنىڭ خەن، كاڭ، سۇڭ زامانلىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىش تارىخىدا كۆرۈنەرلىك مۇھىم بىر سەھىپە ھېساپلىنىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت جاڭچەننىڭ غەربى دىيارغا قىلغان سەپىرىدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. خەن ئۇدى پادىشالىق قىلغان چاغلاردا چاڭئەنىدە غەربى دىيار بويۇملىرى دورا ماتېرىياللىرى سېتىلىدىغان ”چەنشى چەنجۇي“ (旃席千具) ماگىزىنى قۇرۇلغان. ئىچكى ئۆلكىلەرگە زاراڭزا چېچىگى، سامساق، ئۈزۈم، ئانار، زەرناپ (雄黄)، نوشۇدۇر، سەۋزە، سۆسەتېرىسى، سەبرى سو قورتورسى، جىن شوغلا، مىخىز، رەۋەن، كامپۇرا، بۆكەن مۇڭگۈزى، بىدە، كونجۇت، ياڭاق، پۇرچاق قاتارلىقلار كىرگەن. (神农本草记) شىگلوشى نامىغا ئاتالغان گىيانامە » گە قارالسۇن)، چاڭ خۇ (لوپنۇر) ھارىقى سېتىلغان. دۇڭخۇاڭ بىلەن جۇي يۈەندىن خەن دەۋرىگە ئائىت تىببى ياغاچ پۈتۈكلەر تېپىلغان. 1972 - يىلى ئۇۋۇىدىكى خەن زامانىسىغا ئائىت قەبرىلەردىن 78 پارچە تىببى ماتېرىيال چىققان.

بەش دەۋردە، تاۋۇز تېرىش، تاۋۇز سۈيىدىن شىپا ئورنىدا پايدىلىنىش ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن ئىدى. ئىرانلىق شائىر لى شۈن (李珣) ئىسپار قوستەجلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ چاغدا نوشۇدۇر يالتىراق زەمچە، قەھرىۋا، بۆكەن مۇڭگۈزى، قۇندۇز ئۇرۇغدانى، (قۇندۇز قەرى) قاتارلىق دورىلار سېتىلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىنمۇ نۇرغۇن دورا ماتېرىياللىرى غەرپ، شىنجاڭغا چىقىرىلغان. رەۋەن چىنىنى، دارچىنىنى، چۆپچىنىنى، كابابەچىنىنى، ماسرانچىنىنى، پارچىنىنى، دىگىزىيا (كالا ئۆت تېشى - خەن سۇلالىسى يوڭفى يىللىرى كەشىپ قىلىنغان) قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. لوڭقا خەشەك قويۇش ئېھتىمال شۇ چاغلاردا ئىچكى ئۆلكىلەردىن تارالغان بولۇشى مۇمكىن. جاڭجۇڭجىڭنىڭ مەشھۇر ”كىزىكنامە“ دىگەن كىتاۋى بىلەن جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ۋاڭ شۇ (265 - 317 - يىللار) نىڭ ”تومۇر تۇتۇش دەستۇرى (经脉) دىگەن ئاتاغلىق ئەسەرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئىبنىسىنا ئۆزىنىڭ «كىتابول قانۇنفى تىببىي» ئەسەرىدە كۆرسەتكەن، 48 خىل تۆمۈر سوقۇش، تومۇر تۇتۇش قائىدىسىنىڭ 35 خىلى ۋاڭ شۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئىبنىسىنا ئۆز كىتاۋىدا؛ ئەرەپچە، خەنزۇچە ھەرپلەر بىلەن بۇ قائىدىلەر ئىسمىنى يېزىپ كۆرسەتكەن. («تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلى خەنزۇچە نەشر 1959 - يىلى 1 - سانىغا قارالسۇن) قازان مەخۇتخان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك

قىلغان ئىرانلىق ئالىم ۋە تارىخچى رەشىدىددىن ئەل ھەمدانى (1247 ـ 1318 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «جەمئۇل تاۋارىخ» دىن كېيىن 1313 ـ يىلى يازغان «چىن تىبابەت قامۇسى» دېگەن كىتاۋىدا، ۋاڭ شۇنى «ۋاڭ شۇكو» دەپ تىلغا ئالغان. ھەم ئۇنىڭ «تومۇر تۇتۇش دەستۇرى»ئەسەرنى تۈركچىگە ئەينەن تەرجىمە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە «غەربىي دىيار ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسېپلىرى» (西域诸仙所说药方)، «غەربىي دىيار ئاتاغلىق تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مۇھىم رېتسېپلار توپلىمى» (西域名医所集药方四卷) قاتارلىق كىتابلار يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ يوچۇن رېتسېپلىرى» (外台秘要) دېگەن كىتابتا زەھەرلىك ئىششىقنى داۋالاش ئۈچۈن بەدىيان (茴茴香) سۈيىنى سىقىپ ئىچىپ، قالدۇقىنى ئىششىققا چاپلاش تەۋسىيە قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تېبابىي كىتابلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان «جاڭۋېنجۇڭنىڭ شىپالىق رېتسېپلىرى» (张文仲疗风方)، «شېنلۇڭنىڭ نامىغا ئاتالغان گىيانامە» (神农本草) بۇنىڭ روشەن مىسالى. تاڭ دەۋرىدە غەربىي دىيار بىلەن چاڭئەن ئوتتۇرىسىدىكى دورىدەرمەك سودىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن ئىدى. چاڭئەن بىلەن لوياڭدا 2، 3 مىڭ ئۇيغۇر سودىگەرى تىجارەت قىلاتتى. چاڭئەننىڭ غەربىي گوزەر (西市) بازىرىدا ئۈزۈم ھارىقى (مەيزاپ)، ئامىلە، بەلىلە، ھەلىلە مىرابالىرى سېتىلاتتى. (شاڭدا: «غەربىي دىيار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» گە قاراڭ). جاۋرۇشى يازغان: «تابائەنلەر تەزكىرىسى» ناملىق كىتاپ بىلەن جېڭ يازغان «غوزلار گىيانامىسى» (郑散：胡本草) ۋە 659 ـ يىلى تاڭ ئوردىسى ئېلان قىلغان «تۈزۈتىلگەن گىيانامە» (新修本草) دا غەربىي رايوندىن كەلگەن دورىلاردىن: مەستىكى، مۇرمەككە، پالما يېلىمى، قەلەمپۇر، شاتارى چېچىكى، ئەتىرگۈل سۈيى، سوخى شىرىن، مىشە سائىلە، موزا، سەۋرە، قوستى شىرىن، بىخ مارجان، داندان، مەرۋايىت، ئازور بەدەخشانى، قۇندۇز قەرى، توغرىغا قانقىلى، قارا شەھەر كۆكتۈزى، نوشۇدۇر، كونلۇن ھېكى، ئاق قىچا ئۇرۇغى، نوقوت، تۈرك قوچقىچى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. تاڭ دەۋرىدىكى 15 جىلدلىق، بىباھا شىپا بويۇملىرى» (千金要方) ناملىق كىتابتا «ئىمدىقوت ئۆمۈر بەخشى شەرۋىتى» (西州续命汤) ناملىق ئىچى قىزىغداش، پالەچلىك، ئېغىز كاجلىشىش، ئېغىز قىڭغىرلىشىپ قېلىش، تۆت ئەزا ھالسىزلىنىش قاتارلىق زەئىپلىك كېسەللىكنى داۋالايدىغان بىر خىل ماددىيوتول ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ چاكاندا، زەنجىۋىل، يەرمەدىگى، سېغىر تاش، دارىچىپۇرى، ئۆرۈك مېغىزى، چۈچۈك بويا يىلتىزى، كەۋرەك، چوغلۇقتىن ئىبارەت رېتسېپلىق تەركىبى بېرىلگەن. 1970 ـ يىلى شىئەن جەنۇبىدىكى تاڭ فېن ۋاڭخۇدىن 755 ـ يىلىغا ئائىت قىممەتلىك دورىلاردىن: زەر كېپىكى، قەرىقەتللا، جۇگرۇشى (ستاركىتىت)، سىر سورۇخ، بىنەپشە تاش، (ئامېتىست)، ئاق كوۋارتسى، قەھرىبا، بىخ مارجان قاتارلىقلار بىللە شىشە ستاكان، ئۈستىگە ئىمدىقوت كىشىلىرى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن جام ۋە ئىمدىقوتنىڭ "قوت" (吉利) پۇلى تېپىلغان. («ۋىنوۋ» ئاسارە ئەتىقە ژۇرنىلى 1972 ـ يىلى 1 ـ 6 ـ سانلارغا قاراڭ) "زىجىي تۇڭجەن" دە تاڭ گاۋزۇڭ پادىشا 683 ـ يىلى دەۋار (风眩疾) كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغاندا، چىنەقولى داۋالىغان دېيىلگەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دورا ماتېرىياللىرى سىردىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «خوتەن تەزكىرىسى»، «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم تارىخى» قاتارلىق مەنبەلەردە، «سالاجىن» يەرلىك ماۋران، توغرىغا، مەستىكى، قوسىتى شىرىن ئىپار، نۇشۇدۇر، قۇندۇز ئەرى، بوكەن مۈڭگۈزى، قەھرىۋا، بورەق، زاراڭزا چېچەكى، گۈلبىنەپشە، ئىلوپەر، ئەنبەر، توشقان زەددىگە، ئېرگىمەك ( ئەنجبار )، ھىلىق، سىياپ، سىر سۇوروخ ۋە خوتەن مەيزىپى تىلغا ئېلىنغان. «تېينىچ جاھاننامە» ( 太平寰宇记 ) كىتابىدا : 958 – يىلى غەربىي دىياردىن 115 شىشە قىزىلگۈل ئەترى كەلگەنلىكىنى، شىشىلار مومىلانغان بولۇپ، چېچىلسا، پۇرىقى ئون نەچچە كۈن كەتمەيدىغان خۇشپۇراقلىقى يېزىلغان. 1077 – يىلى 12 – ئاينىڭ 27 – كۈنى خوتەن ئەلچىسى ئۇئاس بىلەن نانساغۇن 31 مىڭجىڭ مەستىكى شىرىنىنى ئوردىغا ئېلىپ بارغان.

تاڭ، سۇڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بەرەس ( ئاق كېسەللىكى ) نى داۋالاشتا زور ئۇتۇم قازانغان. «تاڭنامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، «تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر تېۋىپلار تەزكىرىسى»، دويۇنىڭ «قامۇسنامە» ( 通典 ) ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ مېڭە سوكىنىنى يېرىپ، خالتىلىق ئورۇقنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى ۋە كۆزنى ئوپېراتسىيە بىلەن روشەنلەشتۈرگەنلىكىنى يازغان. يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ياشىغان تاۋزوڭيى ئۆزىنىڭ «جوگىنلۇ» ( 辍冰耕录 ) دېگەن كىتابىدا، خوشنىنىڭ ئېغىر بېشى ئاغرىپ تاقەتسىزلەنگەنىدە، ئۇيغۇر دوختۇرى ئۇنىڭ چېكىسىنى يېرىپ، قاتتىق، يىراق ھەركەتلىنىدىغان قۇرۇتنى ئېلىپ تاشلاپ، بالىنى ساقايتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. شۇ كىتابتا : سەپەر ئۈستىدە بىردىن قوسۇغى كۆپۈپ يىقىلغان ئاتنى، بىكەتتىكى بىر قېرى ئۇيغۇر دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە بىلەن ساقايتقانلىقى يېزىلغان. ياما سىرىش، ئىلغا ئېلىش، ئاتنىڭ نوخۇلىنى ئېلىش، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مەھەللى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان ئىدى. خەن، تاڭ، سۇڭ زامانىدا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىۋاسىتە ئەملىيەت، شۇنداقلا ئىچكى ئۆلكىلەر، ئىران، ئەرەب تېبابەتچىلىكى ۋە دورا ماتېرىياللىرى سىردىسىنىڭ تەسىرىدە زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى ۋە تېبابەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇھىم ھەسسە قوشتى. شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورا ماتېرىياللىرى جۈملىدىن لاجۇەر كاشغەر، سەپىدان كاشغىرى، ۋەج خوتەنى ( خوتەن ئەنبىرى )، خوتەن ئىپارى، شەرقىي رىم ۋە ئەرەب خەلىپىلىكلىرىدە دۇنياۋى شۆھرەت قازاندى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېقىنقى مىڭ يىللىق تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئىبنىسىنا ( 980 –، 1037 – يىللار ) تېبابەتچىلىك تەلىماتىنىڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى ۋە تەسىرى ئۈستىدە توختالماي ئۆتەلمەيمىز. ئىبنىسىنا تەلىماتى يېقىنقى مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ غەرپ مېدىتسىناسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھۇلى ئىدى.

ئىبنىسىنانىڭ تېببىي تەلىماتى، 7 –، 8 – ئەسىرلەردە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىسلا قىلىنغان كەڭ رايونلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پەن مەدەنىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن ھاسىل بولغان گىرېكلەشكەن دۆلەتلەر، سېپتىمىسنى گىرېتسىيە دېگىلى بولىدىغان، ئىسلامىيەت تەسىرىدىكى كەڭ رايونلارنى ئەربىستان دېگىلى، ئۇلارنىڭ پەن – مەدەنىيىتىنى نۇقۇل ئەرەب مەدەنىيىتى دېگىلى بولمايدۇ،



AltunOq

نەۋەتتە. ئەرەبلەر قىلىچ ۋە قۇرئان بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغىنىدا، ئىرانلىقلار، شىمالىي ھىندىستانلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى، كېيىنچە چاغتاي مىڭغۇللىرىنىڭ نەسلىدىكى ئىسىم - پامىلىلىرى، "كىرىپخار" لىكتە ئىنكار قىلىشىپ، ئەرەبچە ئىسىم - پامىلىلەر قويۇشتى. ئالىملار، تىبابەتچىلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەپ نام - سەرلەۋھىدە ئاتاشتى. ھەتتا تەدرىجى ئەرەبچە يېزىشقا كىرىشتى. بۇ ھال ئەرەپ بولمىغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ بىردىنلا ئەرەبلەشكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. پەقەت تارىخنىڭ ئەينى زامانىدىكى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى، خالاس. ئەرەبلەر دۇنيا تارىخىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۆز نەسىردىكى رايونلاردا ئورتاق مەدەنىيەت - ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. مۇھەممەت پەيغەمبەر سىپاھان فارسۇ ئارقىلىق يۈكسەك جۇڭگو — چىن مەدەنىيىتىدىن خەۋەر تاپقان ۋە چىندىن ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغان. (دېلات، « چىندا مۇسۇلمانچىلىق » بەت)، ئابباسلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيىتى، جۈملىدىن مېدىتسىنا، قەغەز مەتبۇئاتچىلىقى تېخنىكىسى غەربكە تارالدى. ئەرەپ خەلىپىلىكلىرى 8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېمىرىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بۇزۇپ ۋە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى سامانىي سۇلالىسى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا جاھان مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى تارىخى پاكىت. بۇنىڭغا ئالچىبىنىڭ ئالگىبراسى، ئەبۇ ناسىر فارابى، مۇھەممەت خارازمى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى قاتارلىقلارنىڭ ماتېماتىكىلىق ئاسترونومىيىلىك، پەلسەپىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن گۈڭگۈرت كىسلاتاسىنى ۋە سىماپنى پېشىقلاپ ئىشلەش، بىروم كىسلاتاسى، كۈمۈشلۈك بىروم كىسلاتاسى، سىماپلىق خىلور، ئىسپىرتنىڭ تىبابەتچىلىكتە سىناق قىلىنىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

ئىبنىسىنا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنى "داشى" (تاجى)، قوبۇل قىلمىغانلىرىنى "تەرسا" (*Tharse*) دەپ ئاتايدىغان چاغلاردا ياشىدى. (بۇ ھەقتە فىرانسۇز تارىخچىسى رېموسات ئايرىم توختالغان). ئىبنىسىنا تىببىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغلاردا ئېلىمىز سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولۇپ، ئۇ چاغدا "ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت جەھەتتە شەرق-غەربتىن ئۈستۈن تۇراتتى. ياۋروپا گېرمان پادىشاسى ئوتتو مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەمدىلا بەرپا قىلغان ئىدى،" ئىبنىسىنا "شەرق-غەرب ئىلغار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى" بولۇپمۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئىبنىسىنا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تىبابەتچىلەردىن يەھيا ئىبنى ماسۇيە، ھەسەن ئىبنى ئىسھاق، ئابابەكرى مۇھەممەت. ئىراننىڭ مەشھۇر ئالىمى ئوبۇلھەسەن ئىبنى زەينىدىن تەبۇرنىڭ (923 - يىلى ۋاپات بولغان) « فىردەۋسۇل ھىكمەت » (پەلسەپە بېغى) ناملىق خوور كىتاۋى ئارقىلىق ئىران ۋە ساراكا، سىروكا قاتارلىق ھىندى ھۆكۈما تىۋىپلىرىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن تونۇشتى. باغداتلىق مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئەررازى (850 - 923 - يىللار) نىڭ « بىمارە بىچارە »، « چېچەك بىلەن قىزىل »، « داۋاسى مۇشكۇل بولغان يەككە ئاغرىقلار »، « تىۋىپ داۋالىيالمىغان كېسەللىكلەر » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆردى. ئەلى ئىبنى ئابباسنىڭ

( 944 - يىلى ۋاپات بولغان ) « شىپاگەرچىلىك قوللانمىسى » نى ئۆگەندى. ئىبنىسىنا ئۆز زامانىسىدىكى ھۆكۈما ۋە تېۋىپلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ، بولۇپمۇ سامانىلىق مەنسۇر ئىبنى ناخنىڭ 970 - يىلى يازغان « كىتابۇل ئابنىياتان ھەقىقەيتۇل ئەدۋىيات » ( دورىلارنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىستىكىلىق ئاساسلىرى ) ناملىق كىتاۋى بىلەن ئۆزگەنچىلىك ئوبۇل خەيرى ھامىاركىنىڭ تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ يەكۈنلەشكە كۆڭۈل بولدى . مەنسۇر ئىبنى ناخنىڭ كىتاۋىدا ، جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى ، سۇڭ دەۋرىدىكى چېچەك چىقىش ، كېسەلنى ئېغىزدىن يۇقۇدۇ دېگەن قاراش ئاساسىدىكى ھېس ، ھەسەت ، ئوزۇقلۇق ، سۇ ۋانىسى ، ئاپتاپ ۋانىسى ، ئوقۇلاش ، سۇيىدۈك تەكشۈرۈش سىياپتا سىيلىسىنى (قارا يەل كېسەلى). گۈڭگورت پوقىدا چاقا يارىسىنى داۋالاش قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن. («پەن- تېخنىكا» تارىخقا قارالسۇن).

ئىبنىسىنا تىبابەتچىلىكتە ئېلىمىز تىبابەتچىلىكىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى باكەنتۇر. يۇقۇرىدا ئىبنىسىنانىڭ تومۇر تۇتۇش نائىدىلىرى ۋاڭ شۇنىڭ تىبابەتچىلىك تەلىماتى بىلەن ئاساسەن ئوخشۇشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. چارلىستون oharlston "دۇنيا دورىگەرلىك تارىخى" دېگەن كىتاۋىدا: ۋاڭ شۇ بىلەن ئىبنىسىنانىڭ تومۇرنىڭ "تېز-سۇس"، "قاتتىق - بوش" سوقۇش، تومۇر تۇتۇشتىكى بېسىش ئولچەملىرى (寸关尺) ھەققىدىكى كۆز قارىشىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئىبنىسىنانىڭ «كىتابىۇل قانۇن فى تىببىپ» دېگەن ئەسەرىدە، سۈي سۇلالىسى دوختۇرى ساۋشىنىڭ «كېسەل ۋە جىلىرى ھەققىدە مۇقەددىمە» ( 诸病源候总论 ) ناملىق كىتاۋىنىڭ تەسىرى بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. چارلىستوننىڭ ئېيتىشىچە 3 -، 6- ئەسەرلەردە ياشىغان گېخوڭ (葛洪) سۈي جى فۇ ( 隹知拂 ) ، سۇن سىمىي ( 孙思邈 ) ماخاۋ كېسىلىنى داغىماللاش ھەققىدە ئېيتقانلىرى بىلەن ئىبنىسىنانىڭ داۋالاش تەۋسىيەلىرى بىردەكلىككە ئىگە بولغان. زۇلۇك (ئەلەق) دە زەھەرلەنگەن قاننى سۈمۈرتۈش ئېھتىمال جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئىبنىسىنا ئۆزىنىڭ 800 خىلدىن ئارتۇق دورا رېتسېپتورىسىدا كالائوت تېشى(دېڭىز گىيا) نى ئىملىغا ئالغان ۋە غەرپكە تونۇشتۇرغان. ئەرەپ دوختۇرى ئاۋنېزۇئار (1162 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۇنى "زەھەر قايتۇرغۇچى تاش" دەپ ئاتىغان.

ئىبنىسىنا ئۆزى ئىگەللەپ ئالغان تىببىي تەجرىبە ۋە تىببىي بىلىمىنى بىر سىستېمىغا سېلىشتا ئۆز دەۋرىدىكى پەلسەپىلىك كۆز قاراشقا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئومۇمەن پەلسەپە ساھەسىدە ئەكسىيەتچى سوپىزىم روھانىلىق ئۈستۈن ئورۇن تۇتقان بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىغا ئەگىشىپ، ئىسلامىيەت نىقاۋى ئىچىدە، پانتېئىزىم شەكلىدە كۈچلۈك ماتېرىيالىستىك ئېقىم داۋاملىق راۋاجلىنىپ باراتتى. بۇ ئېقىمنى ئەبۇ نەسىر فارابى باشلىغان. (ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ زاكالىيە يەھيا ئىبنى ئەدىيە، ئەبۇ سۇلايمان مۇھەممەت، ئىبنى تاھىر، ئىبنى بەھرام ئەلسىجىستانى قاتارلىقلار) كېيىنچە ئىبنىسىنا بىلەن بىرونى ئارقىلىق راۋاجلىنىپ، ئىبنى روجىد (ئاۋېر ھوس) تەرىپىدىن تۈگەللەنگەن ئېقىم ئىدى. بۇ پەلسەپىۋى ئېقىم ياۋروپا ماتېرىيالىزىمىغا ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر قارلۇق نالىدى ئەبۇ ناسىر فارابى (870—950 - يىللار) ئىسمائىل سامانىنىڭ سامانى سۇلالىسى قۇرغان چاغدا 4 ياشتا ئىدى. ئۇ قەشقەرلىك سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاتىنىڭ 6 يىل

ئىلگىرىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. فارابى گەرچە شىنجاڭدا تۇنجى ئەرەبچە ئىسىم قوللانغان سۇتۇق بۇغراخان "ئابدۇكېرىم" (ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسلى ئىسمى تەقىپ قىلىنغان) دىن ئىلگىرىرەك ئەرەبچە ئىسىم قوللانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دادىسى تۇرخان ۋە بوۋىسى ئۇزلۇق ئىسمىدا، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە تۈركى نام- ئىسىم ساقلانغان. فارابى مەشھۇر پەيلاسوپ، تىلشۇناس، ماتېماتىك ۋە دوختۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى ئىسپاتلاش، شەرھىيلەش ۋە تەرجىمە قىلىشتا گەۋدىلەندى. سامانى شاھى نوھ ئىبىن مەنسۇر ( 943 - 954 - يىللار) باغداتتا زور شۆھرەت قازانغان پىشقەدەم ئالىمنىڭ ئۆز خىزمىتىنى يەكۈنلەپ، ئەسەرلىرىنى توپلاپ چىقىشىنى، يەنە قىسقىچە پەلسەپە قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىنى تاپىلىدى. نەتىجىدە توپلانغان ۋە نوھ ئىبىن مەنسۇرنىڭ «بەيتۇل ھۆكۈما» ناملىق كىتابخانىسىغا قويۇلغان فارابى ئەسەرلىرىگە "2- ئۇستاز" دەپ نام بېرىلدى. بىرىنچى ئۇستاز دېگەندە ئارىستوتېل نەزەردە تۇتۇلغان ئىدى.

ئىبنىسىنا 16 يېشىدا ئۇيغۇر ئالىمى فارابىنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تېمىستىۇس (*Themistus*) نىڭ ئارىستوتېل ھەققىدىكى كىتابلىرىنى چۈشىنەلمىگەن ئىبنىسىنا فارابى كىتابلىرىنىڭ مەپتۇنى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ فارابى تەسىرىدە "نەزىرىيە ئىلمىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ھەقىقەتنى تونۇش، ھەقىقەت تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن سۆز ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت" دېگەن تونۇشقا كەلدى.

ئىبنىسىنا ئاناتومىيە (ئىلمى تەشرىھ)، فىزىئولوگىيە (ئىلمى ۋازىخۇلئەزا) پاتائولوگىيە (كېسەللىك) شىپالىق دورىگەرچىلىك، ھېس - سەھەت، تائامچىلىق قاتارلىق ساھەلەرنى تەتقىق قىلدى. ئۇ «رانىش نامە»، «مەنتەقىل ئەل مەشرىقى»، «كىتاب ئۇششىفا»، «كىتابۇل قانۇنفىتتىبب» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى. «كىتابۇل قانۇن فىتتىبب» (تىبابەتچىلىك قانۇنلىرى) ئۇنىڭ ئاساسلىق كىتابى بولۇپ، لاتىن تىلىدا 30 قېتىمدىن ئارتۇق بېسىلغانلىقى مەلۇم. بۇ كىتاپ نەچچە يۈز يىل ئىچىدە شەرق ۋە غەرپ مېدىتسىناسىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ قالدى. "مېدىتسىنا" سۆزىمۇ خۇددى "ئالجەبىرى" سۆزىدەك «سىنا تىبابەتچىلىكى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنلىگى تەسادىپى ئەمەس ئىدى. ئىبنىسىنا ياۋروپادا «شاھى تىبابەت» ( *Princepsmedicorüm* ) دەپ ئاتالدى. بۇغرا قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئىمادۇددىن قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسەر يازغان ۋە ئىبنىسىنا تىبابەتچىلىكىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشقا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ داڭدار ھېكىم بولغان. مۇھەممەت ئەلى مۇھەممەت ئىمىن يەركەندىنىڭ «زىيا ئۇلقۇلۇپ» ناملىق كىتاۋىدا شۇ چاغدا قەشقەردە ئۆز زامانىسىنىڭ ئالى ئوقۇش يۇرتى « ساجىدە» (نۇر چاچقۇچى) مەدرىسى بەرپا قىلىنغان. كېيىنچە 1057 - يىلى ئاتۇشتا ئۇنىڭ شۆبىھە دارىلفۇنى بولغان «ساخ » مەدرىسى قۇرۇلغان. بۇ مەدرىس-مەكتەپلەردە ھەر خىل پەنلەر قاتارىدا ئىبنىسىنا تىبابەتچىلىكىدىن لېكسىيىلەر ئۆتۈلدى. ئۇ چاغدا ئىبنىسىنانىڭ «ئەلقانۇنى»، «ئىشارىتى ھاسىل » (تىببى سىرلار مەھسۇلى)، «مەھسۇلى نىجاداشقا» (تىببى قۇتقۇزۇش نەتىجىلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى ئوقۇلدى. 13- ئەسىردە بۇ مەكتەپ ھوزۇرىدا ئوبۇل خازىل بىن مۇھەممەت غازىلىنىڭ «سىراھ» لۇغىتى تۈزۈلدى ۋە «تەرىقۇل ئىلاج»، «زەخرەئى خارازمى»،«دەستۇرى ئىلاج»، «زەخرەئى لوقمان»، « قارابادىن قادىر»،«شىپائى ئەيدان»، «شىپائى قۇلۇپ» قاتارلىق تىبابەتچىلىك، دورى-

گەرلىك دەستۇرلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. نامى زىكىر قىلىنىپ كەلگەن مەشھۇر تىۋىپ ئۆلىمالاردىن سوپى ئاخۇنۇم قەشقەرى، ھەيدەر ئاخۇن قەشقەرى، ئابلىز ئاخۇنۇم خوتەنى، مۇراد بەگ، ئىلمى بەگ قاتارلىقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ مەدرىسلەردە ئوقىغان.

ئىبىنسىنا تىبابەتچىلىك ئىلمى يەنىلا قەدىمقى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىدىكى «تۆرت تەرەپ»، «تۆرت خىلىت»، «تۆرت مىجاز» تەلىماتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەمەلى ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشقان ئىدى. ئىبىنسىنا باش مېڭىنىڭ ئادەم ھاياتىدىكى ئورنى، رولى، مېڭىدىكى ئورتاق سەزگۈلەر ۋە «ئىدرەك ئامبارلىرى» روھىيەتنىڭ كېسەللىكلىرىدىكى تەسىرى مەسىلىسىگە ئالاھىدە قىزىققان. ئۇ ياخشى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەنگەن قوشقارنى بۆرىگە يېقىن جايغا قويۇپ بېقىش بىلەن ناچار ئوزۇق بىلەن تەمىنلەنگەن قوشقارنى بۆرى تەھدىتىسى بولمىغان جايدا بېقىپ، ئۇلارنى روھى جەھەتتىن سېلىشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى قوشقار ۋاقىتسىز كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

ئىبىنسىنا شىكەرسىيىش كېسىلىنى تۇنجى تەتقىق قىلغان ئالىم. ئۇ «كىتابۇل قانۇن فىتتىب»دە تىز - تىز، كۆپ - كۆپ سىيىش، دائىم چاڭقاش، يۇتقۇنۇش، دەرمانسىزلىنىش، بەزىدە جىگەرنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارنى شىكەر سىيىش كېسىلىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. كېسەل سۈيدۈگى بوغقا (پارغا) ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ھەسەلدەك شىرىن، قويۇق ماددا قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئالتۇن-كۈمۈشنى دورىغا قوشۇپ كۈمۈلاچ قىلىشنى يولغا قويغان. ئۇ لوئى پاستېر (1822 - 1895 - يىللار) دىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرى، سىل، چاشقان يارىسى (لىمفا تېرە كلىيۇزى) قىزىل قاتارلىق كېسەللەرگە ئىنسان كۆرەلمەيدىغان ئۇششاق جانلار (جەراسىم) لار سەۋەپچى بولىدۇ، دىگەن گىپوتىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىبىنسىنا ئۆز دەۋرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە تىبابەتچىلىك ئاتالغۇلىرىنى ئەرەپلەشتۈرۈۋەتكەن تارىخى چەكلىمە تۈپەيلىدىن «دىن ۋە پەندىن ئىبارەت قوش ھەقىقەت» ۋە ئاجايىپ - غارايىپلار (ئەل ئىسھادەت) ھەققىدىكى خۇراپى كۆزقاراشلاردىن خالى بولالمىغان. ئۇ ئىستىخار (چۈشكە تەبىر بېرىش) ۋە خايى ئىبىن ياغزانىڭ شۇ خىل ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ مەزمۇندا بەزى غەزەللەرنىمۇ يازغان. بۇ ئۇنىڭ فېئوداللىق قاسىرىغىنى ھاسىل قىلغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىبىنسىنا ئۆزگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىلىرى، تىبابەتچىلىكلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ماتېرىيالىستىك خاھىشقا ئىگە ئىدى. ئۇنى دىنسىزلىكتە ئەيىپلەپ زىندانغا تاشلاش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈش توغرىسىدا باغدات خەلىپىلىگىنىڭ بۇيرۇق بەرگەنلىگى، ئۇنىڭ ئۇچەي كېسىلىدە ئۆلگەنلىگى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى مىستىك شائىرلارنىڭ (ئىبىن ئەي ئوتابىرغا ئوخشاشلارنىڭ) ھاقارەت شېئىرلىرى يازغانلىغى، جۈملىدىن ئالىمنىڭ:

نە چارە كاج ئېشەكلەر كۆپ جاھاندا،
دىگەي دەھرى، ئېشەكتەك بولمىغاندا.

قاتارلىق شېئىرى جۈملىلىرى بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى دەلىلىدۇر. (چارلوستوننىڭ «دۇنيا دورىگەرلىك تارىخى» غا قارالسۇن)

ئىبىنسىنا 12 ياشقا تېخى كىرمىگەن چاغدا قاراخانىلار بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ئۇن توققۇز

ياشقا تراپاندا، قاراخانىيلار سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتتى. ئىبىنسىنا 21 ياشقا توللىغان يىلى (1001-يىلى) يۈسۈپ قەدىرخان ياغلا قارلۇقنى يېڭىپ، 13-ئەسىرنىڭ خوتەن بۇددا مەدەنىيىتىنى ۋە ياغلار قارقالۇنىڭ دىۋاراجا ئۇنۋانىدىكى دىنى نوپۇزىنى ۋەيران قىلدى. بۇددانىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت، سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىلمى تېبابەتچىلىك دەستۇرلىرى رەھىمسىز، دەھشەتلىك «غازات ماھارىبىسى» ئىس-تۈتەكلەر ئىچىگە غەرق قىلىندى. بۇ ھال خىزىر خوجىنىڭ قىرغىنچى دىنى ئۇرۇشلىرى ۋاقتىدا، كۇچار، قارا شەھەر، ئىدىقۇتتا يەنە تەكرارلاندى. خەلق ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۆز ئەجدادىنى «كۇچارلار»دەپ ئاتاشقا، ئۆز مەدەنىيەت تارىخىنى سورىماسلىق، سۆزلىمەسلىك، بىلمەسلىككە مەجبۇر قىلىندى. كىتاپ كۆيدۈرۈش ۋە تىل كېسىشكە ئوخشاش ۋەھشى ھەركەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئالەمنى زىلزىلىگە سالغان قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆز رەقىبى تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكنى قوغلاپ قەشقەر-خوتەن ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئىلىم ۋە تېبابەتچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. دائىمى ماددى-ئىجتىمائى دايات تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. چىڭگىزخان نايمان خانى تايانخاننىڭ تامغۇچى كاتىۋى ئۇيغۇر ئىلشۇناس تاتاتوڭانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تامغۇچى مىرزىسى قىلدى. تاتاتوڭا، جۈملىدىن بەش بالىقلىق باسپا ئۇيغۇر ھەربى ئاساسىدا موڭغۇل ھەرپىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە خانلىق پەرزەنتلەر مەكتىۋىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىدى. قۇبلەيخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن 1229-يىلى ئوردا بالىغ (بېيجىن)دا خانلىق شىپاخانىسىدىن تاشقىرى "ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى" قۇرۇلدى. 1292-يىلى بۇ مەھكىمە خانبالىغ ۋە يۇقۇرى بالىغ (رولۇن) دە فاينا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا بىر دورىخاچى، 20 نەچچە تىۋىپ ئىشلەيتتى. ئاتاغلىق تاشقى كېسەللەر دوختۇرى نىزەر (聂只耳) "شاپائەت جۇجۇقى" (广惠司) نىڭ مىرزا بېگى بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (سىچۈەندە ياشىغان) مەشھۇر ھەربى دوختۇر روچىلەنچى ھىيا (月举连赤海牙) بىلەن بولىشىنىڭ ئوغلى دوختۇر ئەيشۈي (薛爱) ئۇيغۇر ئىدى.

1380-يىلى يەركەندە شۆھرەت قازانغان تىۋىپ نورروز ئاخۇنۇم ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك پائالىيىتى، تەتقىقاتى ۋە تىۋىپ يېتىشتۈرۈشتە كۆرسەتكەن خىزمىتىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا قەۋرە قاتۇرۇپ مازار ياسالغان. مىرزا ھەيدەر قەشقەرى يازغان «تارىخى رەشىدە» دە كۆرسىتىلىشىچە؛ ئىلى ھاكىمى خىزىرخوجا ۋاقتىدا، قەمەرىدىن ناملىق ئۇيغۇر دوختۇرى بولغان. قۇبلەيخان ۋاقتىدا بەش بالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئەنزاڭ (安藏) «ئەلئا قايىن» (难经)، «غوللۇق گىيا» (本草) ۋە «ئائىنەل بولبوك» (资治通) قاتارلىق كىتاپلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر ئالىمى لومىنشەن (鲁明善) (لومىنشەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بۇددا-تەرسا ئۇيغۇرى قانۇناتاشنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى كۆمۈر كۆتەك (铁柱) ئىدى. ئۇنى خىرايا خانغا تونۇشتۇرغان) ئۆزىنىڭ «دېخانچىلىق، تۇتچىلىق ۋە ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ئاساسلىرى» (农桑衣食撮要) دىگەن ئەسەرىنى نەشىر قىلدۇردى. بۇ ئەسەردە، دېخانچىلىقتىن تاشقىرى ئۆزۈمچىلىك، تۇتچىلىق، سىركە ۋە قۇرۇت ياساش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. يۈەن دەۋرىدە يېزىلغان تاگزۇڭنىڭ «جوگىنلۇ» (辍耕录) مىسىڭ دەۋرىدە يېزىلغان


AltunOq

«回回药方» ناملىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى (تېببىي بويۇملىرى) غا ئائىت كىتاپلار بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەسلىدە بولغان ئاساسى ئۈستىدە تېخىمۇ راۋاجلاندى. جاۋشۆبىي (赵学敏) نىڭ «شىپاگىيا دەستۇرىنىڭ ساقلاندىلىرى» (本草纲目拾遗) ناملىق كىتاۋىدا، قىمىز (刺儿菜)، تاغ پىيازى، يېتىم ئەمەن قاتارلىق دورىلار تىلغا ئېلىنغان. چەنلۇڭ زامانىدا يېزىلغان «بەش تىللىق لۇغەت» دىمۇ تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن. «تارىخى ھۆكۈما»دا بايان قىلىنىشىچە: 1862 - يىلى شىمالى ھىندىستاندىن ھېكىم غولام ئېلىخان دىگەن تىۋىپ كىلىپ، سوپى ئاخۇن، ئوسمان بەگ قاتارلىق تىۋىپلار ياردىمىدە قەشقەر - خوتەن ئەترابىدىن كۆپلىگەن يەرلىك دورىلارنى توپلاپ ئېلىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شائىر نۆبىتى تىۋىپ ئائىلىسىدىن بولغان.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاشلا شىنجاڭدا، جۇڭگو مىللى تىبابەتچىلىكى جۈملىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى چەتئەل جاھانگىرلىكى ۋە ئەجنەبى قۇللۇقچىلىق ئىدىيىسىدىكى دەللال بۇرژۇئازىيىنىڭ ناتىتىق بېسىمى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى. ھەر خىل دىن تارقىتىش (مىسسىئونىرلىق) ۋە "شەۋقەت دوختۇرخانىسى" تونىغا ئورىنىۋالغان جاسۇسلار، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مىللى تىبابەتچىلىكنى سۇنئىي ئۇسۇلدا ياۋروپا مېدىتسىنىسىغا قارشى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ھەر خىل "خۇراپى"، "ساختا" دىگەندەك بەدنامىلار بىلەن قارىلاشتى. مىللى تىبابەتچىلىك كىتاپلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ھېكىم - ھۆكۈمالار تەقىپ قىلىندى. بۇ ھال مىللىتارىستلار ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ئىرورلۇقى زامانىدا تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. نەتىجىدە خەلق داۋالىنىشتىن، ھەم - سەھەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ھېساپسىز قۇربانلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى خوتەن ۋادىسىدا سىلاق (ۋابا) ئاپىتى باش كۆتىرىپ چىقتى. ئۇنىڭ دەھشىتى "چىستانى ئېلىگ بەگ" داستانىدا تەسۋىرلەنگەن دەھشەتلىك مەنزىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى.

خوتەن تىبابەتچىلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، كىرىيە بوغاز لەڭگەر يېزىسىدىكى بىر دىخان تاغدىن داۋۇشان تېرىسى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ كېسەل تارالغان. ئۆلگۈچىلەر كۈنىگە 2ـ3 مىڭدىن ئېشىپ، ئەترابتىكى ناھىيىلەرگە تارقىلىپ، تېز ئارىدا خوتەن ئاھالىسىنىڭ 2/3 قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەن. 1912 - يىلى خەلقارا قىزىل كىرىست ("سەلىبى ئەخمەر") ۋە قىزىل ئاي ("ھىلال ئەخمەر") جەمئىيەتلىرى تۈركىيە، روسىيە، ئەنگلىيە تېببىي خادىملىرىدىن تەركىپ تاپقان بىرلەشمە ئۆمەك ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار دەھشەتلىك قىرغۇچى كېسەل ئاپىتى ئالدىدا خوتەن ۋادىسىغا قەدەم قويالماي، ئەشتەردىن چېكىنگەن. خوتەن ئاھالىسىنى قۇتقۇزۇش ۋە كېسەل ئاپىتىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت مۇشكۈل خىزمەت پەقەت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. تىۋىپلار ئاۋۇز سۈيىدىن بىر خىل سۇيۇق دورا ياساپ ۋابا ئاپىتىنى يېڭەلىگەن.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى زۇلمەتلىك ئىجتىمائى تۈزۈم ئاستىدا كەڭ ئەمگەكچى خەلق ھەممىدىن بۇرۇن نامرات دىخانلار

ئاممىسى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. تىبابەتچىلىك ئىلمىمىز ھاقارەتلىنىپ، تەقىپ قىلىنىپ يوقۇلۇش تەرىپىگە قاراپ يۈز تۇتقان ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، كومپارتىيىنىڭ غەمخورلىقىدا ، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قەد كۆتىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى قايتا ھايات-نىجاتلىققا ئىرىشتى. ئۇنىڭ يېڭى ھاياتقا ئىرىشەلىشىدە، بۇ تىبابەتچىلىك بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلات ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىپ كەلگەن پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى زور بولدى. ئۇلار قاتارىدا خىيانۇش ھېكىم بەش ئەۋلات تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئەسەر يازغان. كۇچاردىن ھەسەن داموللام، قەشقەردىن سوپى ھېكىم ئاخۇنۇم، «قانۇنچە» كىتاۋىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ ھاجىم، ھېيىمىزىخان مەخسۇم، ئابدۇقادىر ئاخۇنۇم، تېگىنقچى ساماقباي، خوتەنلىك خەلىپە ھاجىم، توختاخۇن ھاجىم، يۈسۈپ ئاخۇنۇم، ئابلىمىت يۈسۈپ داموللا، ئىمىنىياز ئاخۇنۇم، ئەمەت ھاجىم، مەنسۇر ھاجىم، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دەستۇرى» دىگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم، ئۈرۈمچى، تۇرپان تەرەپلەردىن، روزى موللام، مەخلىك ئاخۇنۇم، مۇتىۋۇللا قارىم، توختىنىياز ئاخۇنۇم، ئەھەتبەگ، باي ئاخۇن، «مىللىي تىبابەتچىلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي ساۋاتلىرى»، «تىبابەتچىلىك لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئىمنايىتۇللا ئەپەندىم قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىلىرى، بالنىستلىرى قۇرۇلدى. ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىن تاشقىرى، بەزى خەلىدىكى سەرتان (راك) كېسەللىكلىرى، بەرەس (ئاق كېسەللى)، شېكەر سىيىش كېسەللى، (قايرىلغان بويۇن ئۇمۇرتقىسىنى جايىغا سېلىش) قاتارلىقلارنى داۋالاشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. بەرەس كېسەللىنى داۋالاشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن دۇنياغا ئاڭلىتىلدى. يېڭى زېلاندىيە يازغۇچىسى لوئىس ئايرى ئۆزىنىڭ "يىپەك يولىدا يېڭى مەنزىرە" ناملىق ماقالىسىدا، قەشقەر، خوتەن، مىللىي شىپاخانىلىرىدا 150 كارۋاتلىق بالنىست قۇرۇلغانلىقىنى، دۆلەتۇر 6 ئۆلكىدىن كەلگەن كېسەل داۋالانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇ دورىسى ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ، ئۆلمۈيلىش نىيىتىگە كەلگەن بىر قىزنىڭ، قىرغىز ئىشچىسىنىڭ، گەنسۇلۇق دىخان، شەنشىلىك ياش، يۈننەن ۋە خۇنەنلىك يول قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بارلىغىنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن بايان قىلغان. («شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى 79 - يىللىق 2 - سان)

بىز ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىنىڭ جۇڭيى تىبابەتچىلىگى بىلەن بىرلىكتە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى يۈرۈشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى يارىتىدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقۇرى كۆتىرىدىغانلىقىغا زور ئىشەنچ بىلەن نەزەر سالىمىز.

×

پايدىلىنىلدىغان ماتىرىياللار

ب . د . تىپدۇ مۇھەررىرلىگىدىكى، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «مېدىتسىنا تارىخى» 1 توم.

چارلىستون: «دۇنيا دورىگەرلىك تارىخى»
جۇڭگو «پەن - تېخنىكا تارىخى»
«ئوغۇزنامە» (شىرمالىك رەتلىگەن نۇسخا ۋە «شەجەرىئى تۈرك» نۇسخىسى)
«چىستانى ئىلىگ بەگ»
مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان لۇغەت تۈرك» (تۈركچە - ئەرەبچە لۇغەت دىۋانى)
زەمەخشەرى: «مۇقەددىمە تول ئەدەب» (تۈركچە - مۇڭغۇلچە لۇغەت دىۋانى)
سە - ئې مالوۋ: «قەدىمقى تۈرك يازما خاتىرىلىرى» (1951 - يىل روسچە نەشرى)
فىڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا ئۇلۇغ تاڭ سامسۇم باخشى تەزكىرىسى تەتقىقات دوكلاتى»
فىڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىنىڭ قىسقىچە توپلىمى»
ئىبنىسىنا: «كىتاب ئۇقۇشىفا» (بېيجىڭ داشۆ تەرجىمىسى)
ئىبنىسىنا: «كىتاب ئەل قانۇن فى تىبب»
كاردىۋا ئوكس: «ئىسلام قامۇسى» (فارابى بابى)
«ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» (زاراتۇشترا، مانى قىسىملىرى)
گايچۈن: gorchon خانىم): «ئىبنىسىنا پەلسەپە لۇغىتى»
ت. ج. دىبوئىر: (ئابۇرايىمدىن تەرجىمە قىلىنغان) «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»
ئەخمەت ئىمىن: (ناجۇڭ تەرجىمە قىلغان) «ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى» (1958 - يىل نەشرى)
ئىبىن ئەبو ئۇسايبا: «تاباقەت ئەل ئاتىببا» (تىبابەتچىلەر تارىخى)
م. ئۇ. كوسۋىن: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تارىخى»
ھېرودوتۇس: «تارىخ»
م. ئى ژوكوۋ مۇھەررىرلىكىدىكى «دۇنيا ئومۇمى تارىخى» 2 - توم
ئا. ن. گىرادىشتوۋىسكى: «قەدىمقى زامان شەرق تارىخى»
گېنۇدبورگ: «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار»
ل. پوتاپوۋ: «جەنۇبىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئوچېركلار»
كېشىلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيە قەدىمقى زامان تارىخى» («ئېتنوگرافىيە» ژورنىلى 1949-يىل 6 - سان)
ئا. ئى. بېرنىشتام: «ھون تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» (لېنىنگراد باسمىسى)
«جۇڭگو - ئىران نامە»
ۋ. م. كگوۋبىرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى مەملىكەتلىرى تارىخى»
ئا. ئى. بېرنىشتام: «شىمالىي ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت قىسقىچە بايان»
ئا. ئى. بېرنىشتام: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ - چىقىشىغا ئائىت مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەر»
ئا. ئى. بېرنىشتام: «تۈركمەن مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت بەزى ماتېرىياللار»
جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخى» (7 توملۇق)

ئەنزۇجاڭ: «ئىككى خەن ۋە غەربىي دىيارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى»
شاگدا: چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»
سۇڭ دارىك: «جۇڭگو بىلەن ئەرەبلەرنىڭ تەبىي دورا ئالماشتۇرۇشلىرى»(«تارىخ تەتقىقاتى»)
يۈي شى لياۋدى: «غەربىي دىياردا بۇددا دىنى»
«ماركوپولو ساياھەت كىتاۋى» (*A.L.Hchargnon* شەرھىيلىگەن، فىڭچۈن تەرجىمىسى)
دورنىك، مىتىن، كائىدېروۋ تۈزگەن: «پەلسەپە تارىخى» (1 ـ توم)
گىگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»
ئا. ئوسپوۋ: «10 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخى»
ناردىندىرا كىرشان سىنا: «ھىندىستان تارىخى»
ئى . گ. قورشى: «پاكىستان تارىخى»
*Percysykes* : «ئافغانىستان تارىخى»
«ئۆزبېكىستان *SSR* تارىخى»
يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى: «قانۇنچە»
تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنوم: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى دەستۇرى»
«شىنجاڭ جۇڭيى ئۆسۈملۈكلىرى»
ئىنايىتۇللا بىلەن باي ئاخۇن يازغان: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى ئىلمىدىن ساۋات»
ئىنايىتۇللا: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»
«ۋۇنۋ» (ئاسارە ـ ئەتىقە) ژورنىلى 1972 ـ يىلى 1ـ6 سان.

«شىنجاڭ ياشلىرى» 1979 ـ يىلى 1 ـ سان

«ئىچكى كېسەللىكلەر ئاساسلىرى» (موسكۋا 1952 ـ يىلى نەشر)

# لىمىت ھېساپلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى

گەن جىڭجى

ماتېماتىكا ئانالىزى دەرسلىكىدە، "$\sim$" بەلگىسى تونۇشتۇرۇلغان.

پەرەز قىلايلى $x$، $y$ لەر ئىككى ئۆزگەرگۈچى (چەكسىز كىچىك ۋە چەكسىز چوڭ بولۇشى ھاجەتسىز) بولسۇن. $x\neq 0$ (ئەڭ كامىدا مەلۇم بىر "ۋاقىت" دىن باشلانغان) ئەگەر $\lim\frac{y}{x}=1$ بولسا، $y\sim x$ دەپ يېزىشقا بولىدۇ.

تەڭ قىممەتلىك چەكسىز كىچىك (باراۋەر چەكسىز كىچىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كە ئوخشاش، $y\sim x$ بولغاندا، $y$ بىلەن $x$ تەڭ قىممەتلىك ئۆزگەرگۈچى دەپ ئاتىلىدۇ.

لىمىت ھېساپلاشتا تەڭ قىممەتلىك ئۆزگەرگۈچى دەپ ئاتىلىدۇ.

لىمىت ھېساپلاشتا تەڭ قىممەتلىك ئۆزگەرگۈچىلەرنىڭ رولى سەل قارالغان بولۇپ، تەڭ قىممەتلىك چەكسىز كىچىكلىكتىن پايدىلىنىپ لىمىت ھېساپلاشنى ئاددىيلاشتۇرغان ۋاقىتتىمۇ، يەنىلا يىغىندا ياكى ئايرىمىدىكى ئەزالارنى ئۆزى بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولغان چەكسىز كىچىك بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ تەكىتلەنگەن.

بۇ ماقالىدا ئۆزگەرگۈچىلەرنىڭ تەڭ قىممەتلىكىدىن پايدىلىنىش، لىمىت ھېساپلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ھەمدە مۇۋاپىق شەرت ئاستىدا، يىغىندىدا ياكى ئايرىمىدىكى ئەزالارنى ئۆزى بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولغان ئۆزگەرگۈچىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

1. تېيورما: پەرەز قىلايلى $x$، $y$، $z$ لار ئوخشاش بىر خىل جەرياندىكى ئۈچ ئۆزگەرگۈچى بولسۇن، ئەگەر $y\sim x$، ھەمدە $\lim xz=A$ ($A$ تۇراقلىق سان ياكى $\infty$) بولسا، ئۇ ھالدا:

$$\lim yz=\lim xz$$

بولىدۇ.

ئىسپات: $A$ تۇراقلىق سان بولغاندا،

$$\lim yz = lmi\frac{y}{x}\cdot xz$$

ھەمدە

$$\lim\frac{y}{x} = 1,\ \lim xz = A$$

بېرىلگەن بولغانلىقتىن

$$\lim yz = 1\cdot A = A$$

بولىدۇ.

$A = \infty$ بولغاندا،

$$\lim yz = \lim\frac{y}{x}\cdot xz$$

بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا

$$\lim\frac{y}{x} = 1,\ \lim xz = \infty$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

$$\lim yz = \infty$$

بولىدۇ.

بۇ تېئورېما، لىمىت ھېسابلاش جەريانىدا مۇرەككەپ ئۆزگەرگۈچىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولغان ئاددىي ئۆزگەرگۈچىلەر بىلەن ئالماشتۇرغاندا، نەتىجىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. تېئورېما: پەرەز قىلايلى

1°. فۇنكسىيە $f(x)$، $g(x)$ لەر $x = x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ.

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)}{g(x)} = A \neq 1.\ 2^0$$ (A تۇراقلىق سان ياكى ∞)

3°. $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)\sim F_0(x),\ g(x)\sim G_0(x)$$

بولسۇن، ئۇ ھالدا $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-g(x)\sim F_0(x)-G_0(x)$$

بولىدۇ.

ئىسپات: $A$ تۇراقلىق سان بولغاندا

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)}{g(x)}=A$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-g(x)}{g(x)}=A-1\neq 0$$

بولىدۇ. 1 ـ تېيورېمىغا ئاساسەن

$$\lim_{x\to x}\frac{F_0(x)}{G_0(x)}=A$$

بولىدۇ. دېمەك

$$\lim_{x\to x_0}=\frac{F\ (x)-G_0(x)}{G_0(x)}=A-1$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-g(x)}{F_0(x)-G_0(x)}=\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-g(x)}{g(x)}\cdot\frac{G_0(x)}{F_0(x)-G_0(x)}=1$$

يەنى $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-g(x)\sim F_0(x)-G_0(x)$$

بولىدۇ.

$A=\infty$ بولغاندا،

$$\lim_{x\to x_0}\frac{g(x)}{f(x)}=0\neq 1$$

بولغانلىقتىن، ئالدىنقى ئىسپات بويىچە $x\to x$ بولغاندا

$$g(x)-f(x)\sim G_0(x)-F_0(x)$$

بولىدۇ. يەنى

$$f(x)-g(x)\sim F_0(x)-G_0(x)$$

2 ـ تېيورېما $A=1$ بولغان ئەھۋالغا نىسبەتەن ئورۇنلۇق بولمايدۇ.

مەسىلەن: $x\to 0$ بولغاندا

$$f(x)=Sin\ x\sim F_0(x)=x$$

$$g(x)=e^x-1\sim G_0(x)=x$$

بولىدۇ. لېكىن ،

$$f(x)-g(x)=Sin\ x-e^x+1$$

بىلەن

$$F_0(x)-G_0(x)=x-x=0$$

تەڭ قىممەتلىك ئەمەستۇر.

لېكىن $A=1$ بولغاندا تۆۋەندىكىدەك نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

1. نەتىجە: پەرەز قىلايلى:

1°. فۇنكسىيە $f(x)$، $g(x)$ لەر $x=x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ.

2°. $\lim\limits_{x\to x_0}\dfrac{f(x)}{g(x)}=1$، $\lim f(x)=a\neq 0$ ($a$ تۇراقلىق سان)، ھەمدە

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-a}{g(x)-a}=\beta\neq 1$$ ($\beta$ تۇراقلىق سان ياكى $\infty$)

3°. $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-A\sim F_1(x),\quad g(x)-a\sim G_1(x)$$

بولسۇن، ئۇ ھالدا $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-g(x)\sim F_1(x)-G_1(x)$$

بولىدۇ.

بۇ نەتىجىنى ئىسپاتلاش قىيىن ئەمەس. 2 ـ تېئورېما بويىچە

$$f(x)-g(x)=[f(x)-a]-[g(x)-a]\sim F_1(x)-G_1(x)$$

بولىدۇ.

$\beta=1$ بولغاندا تۆۋەندىكىدەك نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

2 ـ نەتىجە: پەرەز قىلايلى

1°. فۇنكسىيە $f(x)$، $g(x)$ لار $x=x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ، ھەمدە

$$\lim_{x\to x} f(x)=a\neq 0$$ ($a$ تۇراقلىق سان)

2°. $$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)}{g(x)}=1,\qquad \lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-a}{g(x)-a}=1,$$

3°. $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-a\sim F_1(x),\quad f(x)-a-f_1(x)\sim F_2(x).$$

$$g(x)-a-F_1(x)\sim G_2(x)$$

ھەمدە

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-a-F_1(x)}{g(x)-a-G_1(x)}=C\neq 1 \qquad (C \text{ تۇراقلىق سان ياكى } \infty)$$

بولسۇن، ئۇ ھالدا $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-g(x)\sim F_2(x)-G_2(x)$$

بولىدۇ.

2 ـ نەتىجىنى ئىسپاتلىماقمۇ قىيىن ئەمەس. چۈنكى 2 ـ تېئورېما بويىچە

$$f(x)-g(x)=[f(x)-a-F_1(x)]$$
$$-[g(x)-a-F_1(x)]\sim F_2(x)-G_2(x)$$

بولىدۇ.

2 ـ تېئورېما ۋە نەتىجىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، لىمىتنى ھېسابلىغاندا، كوپەيتكۈچى $[f(x)-g(x)]$ دىكى فۇنكسىيە $f(x)$ ۋە $g(x)$ لەر ئايرىم ـ ئايرىم ئۆزى بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولغان فۇنكسىيە $F_0(x)$ ياكى $a+F_1(x)$ ياكى $a+F_1(x)+F_2(x)$ ۋە $G_0(x)$ ياكى $a+G_1(x)$ ياكى $a+F_1(x)+G_2(x)$ لەر بىلەن ئالماشتۇرۇلسا نەتىجە ئۆزگەرمەيدۇ.

3 ـ تېئورېما پەرەز قىلايلى

1°. فۇنكسىيە $f(x)$، $x=x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ ھەمدە داۋاملىق ئۇڭ.

2°. $\lim_{x\to x_0} f(x)=A\neq 1$ ($A$ تۇراقلىق سان ياكى $\infty$)

3°. $x\to x$ بولغاندا

$$f(x)\sim F(x)$$

بولسۇن، ئۇ ھالدا $x\to x_0$ بولغاندا

$$\lim f(x)\sim \ln F(x)$$

بولىدۇ.

ئىسپات: چۈنكى

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)}{F(x)}=1$$

بولۇپ، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x\to x_0}\ln\frac{f(x)}{F(x)}=0$$

يەنى

$$\lim_{x\to x}[\ln f(x)-\ln F(x)]$$

$$=\lim_{x\to x_0} \ln f(x)\left[1-\frac{\ln F(x)}{\ln f(x)}\right]=0$$

بولىدۇ.

$A$ نۆلگە تەڭ بولمىغان تۇراقلىق سان بولغاندا

$$\lim_{x\to x_0} \ln f(x)-\ln A\neq 0$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

$$\lim_{x\to x_0}\left[1-\frac{\ln F(x)}{\ln f(x)}\right]=0$$

بولىدۇ. يەنى $x\to x_0$ بولغاندا

$$\ln f(x)\sim\ln F(x)$$

بولىدۇ.

$A=0$ ياكى $A=+\infty$ بولغاندا

$$\lim_{x\to x_0} en f(x)=\infty$$

بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا،

$$\lim_{x\to x_0}\left[1-\frac{\ln f(x)}{\ln F(x)}\right]=0$$

بولۇشى مۇقەررەر. يەنى $x\to x_0$ بولغاندا

$$\ln f(x)\sim\ln F(x)$$

بولىدۇ.

3 ـ تېيورما $A=1$ بولغان ئەھۋالدا ئورۇنلۇق بولمايدۇ.

مەسىلەن: $x\to 0_0$ بولغاندا

$$f(x)=1+x\sim F(x)=1x^2$$

بولىدۇ. لېكىن

$$\ln f(x)=\ln(1+x)\sim x$$

بىلەن

$$\ln F(x)=\ln(1+x^2)\sim x^2$$

بولسا تەڭ قىممەتلىك ئەمەستۇر.

لېكىن، $A=1$ بولغاندا تۆۋەندىكىچە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

نەتىجە: پەرەز قىلايلى

$1^0$. فونكتسىيە $f(x)$، $x\to x$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ.

$1.2^0$ $\lim_{x\to x_0} f(x)=$ لېكىن $f(x)\neq 1$،

$3^0$. $x\to x_0$ بولغاندا



AltunOq

$$f(x)-1=F(x)$$

بولسۇن، ئۇ هالدا $x\to x_0$ بولغاندا

$$en f(x)\sim ln\ [F(x)+1]$$

بولىدۇ. بۇ نەتىجىنى ئىسپاتلاش قىيىن ئەمەس. چۈنكى $x\to x_0$ بولغاندا

$$ln(x)=ln[1+f(x)-1]\sim f(x)-1$$

$$ln[F(x)+1]\sim f(x)$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{x\to x_0}\frac{ln f(x)}{ln[F(x)+1]}=\lim_{x_0\to x}\frac{f(x)}{F(x)}=1$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن $x\to x_0$ بولغاندا

$$ln f(x)\sim ln[F(x)+1]$$

بولىدۇ.

3 ـ تېيورما هەم نەتىجىگە ئاساسەن دەرىجە كۆرسەتكۈچلۈك ئىپادە

$f(x)$ نىڭ لىمىتىنى ھىساپلاشنى ئاددىلاشتۇرۇش ھەققىدىكى تېيورمىغا ئېرىشىمىز. $g(x)$

4 ـ تېيورما: پەرەز قىلايلى

1 $f(x)$، $g(x)$ فۇنكىتسىيىلەر $x=x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ ھەمدە $f(x)$ داۋاملىق ئوك.

2. $\lim_{x\to x_0} f(x)=A\neq 1$ ($A$ تۇراقلىق سان ياكى $\infty$ )

3. $x\to x_0$ بولغاندا

$$f(x)\sim F(x),\quad g(x)\sim G(x)$$

ھەمدە

$$\lim_{x\to x_0} F(x)^{G(x)}$$

مەۋجۇت بولسۇن. ئۇ هالدا

$$\lim_{x\to x_0} f(x)^{g(x)}=\lim_{x\to x_0} F(x)^{G(x)}$$

بولىدۇ.

ئىسپات: 3 تېيورما بويىچە $x\to x_0$ بولغاندا

$$ln f(x)\sim ln F(x)$$

بولغانلىقتىن 1 ـ تېيورمىغا ئاساسەن

يۇقۇرقى تېيورېملار تەڭ قىممەتلىك ئۆزگۆرۈچىلەردىن لىممىت ھىساپلاشنى ئاددىلاشتۇرۇش-
نىڭ ئاساسلىرى، بۇنىڭدىكى ئۇسۇلنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1. فونكىتسىيىلەر كۆپەيتمىسى $f(x)g(x)$ نىڭ لىممىتى.

ئەگەر $x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x) \sim F(x), \quad g(x) \sim G(x)$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} f(x)g(x) = \lim_{x \to x_0} F(x)G(x)$$

بولىدۇ.

2. فونكىتسىيىلەر ئايرىمىسى $f(x)-g(x)$ نىڭ لىممىتى

1. ئەگەر $\lim_{x \to x} \frac{f(x)}{g_0(x)} = A \neq 1$ ھەمدە $x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x) \sim F_0(x), \quad g(x) \sim G_0(x)$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} [f(x)-g(x)] = \lim_{x \to x_0} [F_0(x) - G_0(x)]$$

بولىدۇ.

2. ئەگەر $\lim_{x \to x_0} \frac{f(x)}{g(x)} = 1$، $\lim_{x \to x_0} f(x) = a \neq 0$، $x \to x$ بولغاندا

$$f(x)-a \sim F_1(x). \quad g(x)-a \sim G_1(x)$$

ھەمدە

$$\lim_{x \to x_0} \frac{F_1(x)}{G_1(x)} = B \neq 1$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} [f(x)-g(x)] = \lim_{x \to x_0} [F_1(x)-G_1(x)]$$

بولىدۇ.

3. ئەگەر $\lim_{x \to x_0} \frac{f(x)}{g(x)} = 1$، $\lim_{x \to x_0} f(x) = a \neq 0$، $\lim_{x \to x_0} \frac{f(x)-a}{g(x)-a} = 1$

$x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-a \sim F_1(x), \quad g(x)-a-F_1(x) \sim F_2(x)$$

$$g(x)-a-F_1(x) \sim G_2(x)$$

$$\lim_{x\to x_0} f(x)^{g(x)}$$

$$e^{\lim\limits_{x\to x_0} g(x)\ln f(x)}$$

$$= e^{\lim\limits_{x\to x_0} G(x)\ln F(x)}$$

$$= \lim_{x\to x_0} e^{G(x)\ln F(x)}$$

$$= \lim_{x\to x_0} F(x)^{G(x)}$$

بولىدۇ.

نەتىجە: پەرەز قىلايلى

1. فونكتسىيە $f(x)$، $g(x)$ لار $x = x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىدۇ؛

2. $\lim\limits_{x\to x_0} f(x) = 1$ ، لېكىن $f(x) \neq 1$.

3. $x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-1 \sim F(x), \quad g(x) \sim G(x)$$

ھەمدە

$$\lim_{x\to x_0} [\,1+F(x)\,]^{G(x)}$$

مەۋجۇت بولسۇن. ئۇ ھالدا

$$\lim_{x\to x_0} f(x)^{g(x)} = \lim_{x\to x_0} [\,1+F(x)\,]^{G(x)}$$

بولىدۇ.

بۇ نەتىجىنى 3 ـ تېيورېمىنىڭ نەتىجىسى ۋە 1 ـ تېيورېما بويىچە ئىسپاتلىماق قىيىن ئەمەس.

4 ـ تېيورېما ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، دەرىجە كۆرسەتكۈچلۈك ئىپادە $f(x)^{g(x)}$ نىڭ لىمىتىنى ھېساپلىغاندا، فونكتسىيە $f(x)$ ۋە $g(x)$ لەر ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولغان فونكتسىيە $F(x)$ ياكى $1+F(x)$ ۋە $G(x)$ لەر بىلەن ئالماشتۇرۇلسا نەتىجە ئۆزگەرمەيدۇ.

بولسا، ھەمدە

$$\lim_{x \to x_0} \frac{F_2(x)}{G_2(x)} = C \neq 1$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} [f(x)-g(x)] = \lim_{x \to x_0} [F_2(x)-G_2(x)]$$

بولىدۇ.

4°. ئەگەر $\lim_{x \to x_0} \frac{f(x)}{g(x)} = 1$ ، $\lim_{x \to x_0} f(x) = \infty$ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ۋاقىتتا

$$f(x)-g(x) = f(x)[1-\frac{f(x)}{g(x)}]$$

بولىدۇ.

$0 \cdot \infty$ تىپىدىكىگە ئوخشاش بەلگىلەنمىگەن ئىپادىلەرنى 1 - ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلىمىز.

فونكتسىيىلەر ئايرىمىسى $f(x)-g(x)$ نىڭ لىمىتىغا نىسبەتەن، ئەمەلىيەتتە ئايرىمىنىڭ لىمىتى لىمىتلار ئايرىمىسىغا تەڭ دېگەندىن ئىبارەت ھېساپلاش قائىدىسىنى قوللىنىش ياكى كۆپەيتمە ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ ھەل قىلىش داۋاملىق تېخىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

3. كۆپەيتمە $[f(x)-g(x)]$ نى ئۆز ئىچىگە ئالغان فونكتسىيىنىڭ لىمىتى.

كۆپەيتمە $[f(x)-g(x)]$ نى 2. ئۇسۇلدىكى بويىچە كۆپەيتمە $[F_0(x)-G_0(x)]$ ياكى $[F_1(x)-G_1(x)]$ ياكى $[F_2(x)-G_2(x)]$ لەرنى ئورنىغا قويۇش ياكى $0 \cdot \infty$ تىپىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

4. دەرىجە كۆرسەتكۈچلۈك فونكتسىيە $f(x)^{g(x)}$ نىڭ لىمىتى.

1. ئەگەر $\lim_{x \to x_0} f(x) \neq 1$ ، ھەمدە $x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x) \sim F(x) \text{ , } g(x) \sim G(x)$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} f(x)^{g(x)} = \lim_{x \to x_0} F(x)^{G(x)}$$

بولىدۇ.

2°. ئەگەر $\lim_{x \to x_0} f(x) = 1$ ، لېكىن $f(x) \neq 1$ ، ھەمدە $x \to x_0$ بولغاندا

$$f(x)-1 \sim F(x) \quad g(x) \sim G(x)$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{x \to x_0} f(x)^{g(x)} = \lim_{x \to x_0} [1+F(x)]^{G(x)}$$

بولىدۇ.

يۇقۇرقى ئۇسۇللارغا ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا لىمىتنى ھىساپلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇش مەقسىدىمىزگە يېتەلەيمىز.

1. مىسال. $\lim_{x\to x_0}\frac{\sqrt{1+x\,Sin\,x}-1}{e^{x^2}-1}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to 0$ بولغاندا

$$\sqrt{1+x\,Sin\,x}-1\sim\frac{1}{2}x\,Sin\,x\sim\frac{1}{2}x^2\ .$$

$$e^{x^2}-1\sim x^2\ .$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1. ئۇسۇل بويىچە مۇنداق بولىدۇ:

$$\lim_{x\leftarrow x_0}\frac{\sqrt{1+x\,Sin\,x}-1}{e^{2x}-1}=\frac{1}{2}:$$

2. مىسال. $\lim_{x\to\infty}\frac{\sqrt{4x^2-x+1}-\sqrt[3]{x^3-x-1}}{x}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش:

چۈنكى $x\to\infty$ بولغاندا

$$\frac{\sqrt{4x^2-x+1}}{x}\sim 2\qquad\frac{\sqrt[3]{x^3-x-1}}{x}\sim 1$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 2. 1 ئۇسۇل بويىچە مۇنداق بولىدۇ.

$$\lim_{x\to\infty}\frac{\sqrt{4x^2-x+1}-\sqrt[3]{x^3-x-1}}{x}=1\ .$$

3. مىسال. $\lim_{x\to+\infty}(\sqrt{x^2+x+1}-\sqrt{x^2-x+1})$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: 2. 4 **ئۇسۇل** بويىچە، $x\to+\infty$ بولغاندا

$$\sqrt{x^2+x+1}-\sqrt{x^2-x+1}$$

$$=\sqrt{(x^2-x+1)}.\left(\sqrt{\frac{x^2+x+1}{x^2-x+1}}-1\right)$$

$$=\sqrt{x^2-x+1}\ .\ \left(\sqrt{1+\frac{2x}{x^2-x+1}}-1\right)\sim x.\frac{x}{x^2-x+1}$$



Altun0g

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

$$\lim_{x\to+\infty}(\sqrt{x^2+x+1}-\sqrt{x^2-x+1})$$

$$=\lim_{x\to+\infty}\frac{x}{x^2-x+1}=1.$$

4 ـ مىسال. $\lim_{x\to 0}\frac{Sinax-Sinx}{a^x-b^x}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to 0$ بولغاندا

$Sin\,ax\sim ax$, $Sin\,bx\sim bx$

$a^x-1\sim xlnG$, $b^x+1\sim xlnb$

بولغانلىقتىن، 3. ئۇسۇل بويىچە

$$\lim_{x\to 0}\frac{Sin\,ax-Sin\,bx}{a^x-b^x}=\lim_{x\to 0}\frac{(a-b)x}{(lna-lnb)x}=\frac{a-b}{ln\frac{a}{b}};$$

بولىدۇ.

5. مىسال. $\lim_{x\to 0}\frac{e^{-\frac{1}{2}x^2}-cosx}{x^4}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to 0$ بولغاندا

$e^{-\frac{1}{2}x^2}-1\sim-\frac{1}{2}x^2$

$cos\,x-1\sim\frac{1}{2}x^2$

$e^{-\frac{1}{2}x^2}-1+\frac{1}{2}x^2\sim\frac{1}{8}x^4$

$cosx-1+\frac{1}{2}x^2\sim\frac{1}{24}x^2$

بولغانلىقتىن، 3. ئۇسۇل بويىچە

$$\lim_{x\to⊗}\frac{e^{-\frac{1}{2}x^2}-cosx}{x^4}=\lim_{x\to 0}\frac{\frac{1}{8}x^4-\frac{1}{24}x^4}{x^4}=\frac{1}{12};$$

بولىدۇ.

6. مىسال. $\lim_{x\to+\infty}\left(\frac{3x^2-x+1}{2x^2+x+1}\right)^{\frac{x^2}{1-x}}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to+\infty$ بولغاندا

$$\frac{3x^2-x+1}{2x^2+x+1}\sim\frac{3}{2}, \quad \frac{x^2}{1-x}\sim-x$$

بولغانلىقتىن، 4. 1 ئۇسۇل بويىچە

$$\lim_{x\to+\infty}\left(\frac{3x^2-x+1}{2x^2+x+1}\right)^{\frac{x^2}{1-x}}=\lim_{x\to+\infty}\left(\frac{3}{2}\right)^{-x}=0.$$

بولىدۇ.

7. مىسال. $\lim_{x\to+0}(ctgx)^{Sin\,x}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to+0$ بولغاندا

$$ctg\,x\sim\frac{1}{x}, \quad Sin\,x\sim x$$

بولغانلىقتىن، 4. 1 ئۇسۇل بويىچە

$$\lim_{x\to+0}(ctgx)^{Sin\,x}=\lim_{x\to+0}\left(\frac{1}{x}\right)^{x}=\lim_{x\to+0}\frac{1}{x^x}=1$$

بولىدۇ.

8. مىسال. $\lim_{x\to+0}\left(\frac{\pi}{2}-arc\,Sin\sqrt{1-x^2}\right)^{tgx}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to+0$ بولغاندا

$$\frac{\pi}{2}-arc\,Sin\sqrt{1-x^2}=arc\,Sin\,x\sim x$$

$$tgx\sim x$$

بولغانلىقتىن، 4. 1 ئۇسۇل بويىچە مۇنداق بولىدۇ:

$$\lim_{x\to+0}\left(\frac{\pi}{2}-arc\,Sin\sqrt{1-x^2}\right)^{tgx}$$

$$=\lim_{x\to+0} x^x=1.$$

9. مىسال. $\lim_{x\to\infty}\left(cos\frac{1}{x}+Sin\frac{1}{x}\right)^{ctg\frac{1}{x}}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش، چۈنكى $x\to\infty$ بولغاندا

$$cos\frac{1}{x}+Sin\frac{1}{x}-1\sim\frac{1}{x},$$

$$ctg\frac{1}{x}\sim x$$

بولغانلىقتىن، 4. $2^0$ ئۇسۇل بويىچە

$$\lim_{x\to\infty}\left(cos\frac{1}{x}+Sin\frac{1}{x}\right)^{ctgx}=\lim_{x\to\infty}\left(1+\frac{1}{x}\right)^x=e\,.$$

10. مىسال. $\lim_{x\to 0}\left(\frac{(a^x+bx+c^x)}{3}\right)^{\frac{1}{x}}$ نى تېپىڭلار.

يېشىش: چۈنكى $x\to 0$ بولغاندا

$$a^x\sim 1+x\,ln\,a\,,\ b^x\sim 1+x\,ln\,b.$$

$$c^x\sim 1+x\,ln\,c.$$

بولۇپ، 3. ئۇسۇلغا ئاساسەن

$$a^x+b^x+c^x\sim 3+x\,ln\,abc.$$

$$\frac{a^x+b^x+c^x}{3} \sim 1+x\ln\sqrt[3]{abc}.$$

بولىدۇ. 4. 2 ئۇسۇلغا ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

$$\lim_{x\to 0}\left(\frac{a^x+b^x+c^x}{3}\right)^{\frac{1}{x}}$$

$$=\lim_{x\to 0}\left(1+x\ln\sqrt[3]{abc}\right)$$

$$=e^{\ln\sqrt[3]{abc}}=\sqrt[3]{abc};$$

ئەمەلىيەتتە، لىمىت ھېساپلاش جەريانىدا، كۆزۈتۈش ئارقىلىق تەڭ قىممەتلىك ئۆزگۈرۈچىنى بىۋاستە كىرگۈزۈش ئارقىلىق لىمىتنى تېخىمۇ تېز تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

يۇقۇرقى مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر تونۇشتۇرۇلغان ئۇسۇل مۇۋاپىق قوللىنىلسا، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا لىمىت ھېساپلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئۈچۈن چوقۇم بەزىبىر دائىم ئۇچرايدىغان تەڭ قىممەتلىك ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئىگەللەش لازىم، ئەلۋەتتە.

لىمىت ھېساپلاشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى بىلەن تەڭ قىممەتلىك ئۆزگۈرۈچىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ قوللانغاندا، لىمىت قىممىتىگە ئاددىي ئۇسۇلدا ۋە تېزراق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى.

(1) جىلىن داشۆ تۈزگەن ” ماتېماتىكا ئانالىزى « 1 ـ قىسىم

(2) ماتېماتىكا خەۋەرلىرى 1981 ـ يىلى 6 ـ سان: لىمىت ھېساپلاشنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى.

# يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئابلىمىت ئىبراھىم

يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتى ـ تەنتەربىيە ھەركىتىنىڭ ئاساسى ئادەمنىڭ مېڭىش، يۈگرەش، ئېتىش، سەكرەشتىن ئىبارەت ئاساسى ھەركەت قابىلىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ، ئۇ بىر دولەت (جۈملىدىن بىر ئورۇن) نىڭ تەنتەربىيە سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە، ھەركەت بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى ۋاستىسى. ئۇنىڭ ھەر خىل مۇسابىقىلىرى دوستلۇقنى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

يېنىك ئاتلېتكىنىڭ ھەركەت تۈرى كۆپ (خەلقارا يېنىك ئاتلېتكا بىرلەشمىسى 60 خىل ھەركەت ركورتىنى ئېتىراپ قىلىدى) بولۇپ، بىر تۈرى بىر تۈپ ھەركەت بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھەركەت ئارقىلىق خەلقارادا كۆپ ئالتۇن مىدال، نومۇرغا ئىگە بولۇپ، خەلققە، دۆلەتكە، سوتسىيالىزىمغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: خەلقارادا ،21 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا، 198 تاق تورنىڭ، 37 يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتى تەشكىل قىلىنىدى. 22 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا، 203 تاق تورنىڭ 38 يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتى تەشكىل قىلىنىدى. دولىتىمىز تەنھەركەتچىلىرى8ـ 9 قېتىملىق ئاسىيا تەنھەركەت يىغىنىدا، ئايرىم ـ ئايرىم 12 دىن ئالتۇن مىدال (يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتىدە) نى ئېلىپ، تۇنجى قېتىم ياپونىيىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئاسىيادا كۈچلۈك تەنھەركەت دولىتى بولۇشقا ھەسسە قوشتى. 1983 ـ يىلى يولداش جۇجەنخۇا ئەرلەر ئېگىزلىككە سەكرەش تۈرى بويىچە 37 . 2ــ38 . 2 ئېگىزلىكتىن غەلىبىلىك سەكرەپ ئۆتۈپ، ئاسىيا خەلقىنىڭ پەخرى ئادىمىگە، دۇنيادا ئەڭ ئېگىز سەكرەيدىغان جۇڭگولۇق ئەزىمەتكە ئايلاندى.

يولداشلارنىڭ دولىتىمىز 4 دە زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىدە بەدەننى چېنىقتۇرۇپ، تەن ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولار دىگەن نىيەتتە، يېنىك ئاتلېتكا ھەركىتىنى تونۇشتۇرۇشنى توغرا تاپتىم. ئەگەر پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ قالسا، خوشاللىق ھىس قىلىمەن.



Altun0q

# 1 . مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش ھەرىكىتى

بۇ يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتىدىكى تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىشتا مۇسابىقىلىشىش تۈرىدۇ. مۇسابىقە تۈرلىرى ـ 5، 10، 20، 30، 50 كىلومېتىرغا مېڭىش، 1 سائەت، 2 سائەت مېڭىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر قىسمى يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى، يەنە بىر قىسمى ئاسفالىت يولدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. (يۇقۇرقى يەككە ھەرىكەت تۈر مۇسابىقىسىدىن باشقا كوللېكتىپ مېڭىش مۇسابىقە تۈرىدۇ بار) ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى، خەلقارالىق رەسمىي مۇسابىقىلەردە؛ ئەرلەر 20 ــ 50 كىلومېتىرغا (ئاسپالىت يولدا) مېڭىش، ئاياللار 5 ــ 10 كىلومېتىرغا مېڭىش مۇسابىقىسىلا ئۆتكۈزۈلۈپ دۇنيا رېكورتى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. باشقىلاردا "دۇنيادىكى شۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى" ئېلان قىلىنىدۇ.

مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. 1866 ـ يىلى لوندوندا تۇنجى قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن. 1906 ـ يىلى خەلقارا ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئەسلىگە كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن "دۇنياۋى مېڭىش مۇسابىقىسى" ئۆتكۈزۈلدى. شۇندىن باشلاپ ئەرلەر مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش تۈرى، ئولىمپىك مۇسابىقە تۈرلىرى ئىچىگە قوشۇلدى. 1979 ـ يىلى 9 ـ نوۋەتلىك دۇنياۋى مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش. لوگقا تالىشىش يېقىندا ئاياللارنىڭ 5 كىلومېتىرغا مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش تۈرى كىرگۈزۈلدى 1980 ـ يىلى خەلقارا يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ 5 ـ 10 كىلومېتىرغا مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش، دۇنياۋى رېكورتىنى ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقىنى جاكالىدى.

بۇ ھەرىكەت XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۆلىتىمىزگە كىردى. 1904 ـ يىلى شاڭخەيدە تۇنجى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا بۇ ھەرىكەت ئامما ئىچىدە قانات يېيىشقا، نەتىجىسى ئۆرلەشكە باشلىدى. 1983 ـ يىلى دۇنياۋى مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش لوگقا تالىشىش مۇسابىقىسىدە دۆلىتىمىز ئاياللىرى 10 كىلومېتىرغا كوللېكتىپ مېڭىشتا دۇنيا چېمپىيونلۇقىنى، يولداش چۈيۈكچۇ شۇ ھەرىكەتنىڭ (يەككە) چېمپىيونلىقىنى قولغا كەلتۈردى. 1981 ـ، 1983 ـ يىللىرى دۆلىتىمىز مېڭىش تەنھەرىكەتچىلىرى ئاسىيا رېكورتىنى كۆپ قېتىم يېڭىلىدى. دۇنيانىڭ مۇسابىقىلىشىپ مېڭىش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسەتتى.

1 ـ جەدۋەل

| گۇرۇپپا | ھەرىكەت تۈرى | دۆلىتىمىز: رېكورت | دۆلىتىمىز: ياخشى نەتىجە | خەلقارا: رېكورت | خەلقارا: ياخشى نەتىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەرلەر | 20Km | 1 : 29′18″1 | 1 : 27′02″2△ | 1 : 20′06″8 | 1 : 18,29″ (مېكسىكا) |
| | 50Km | 5 : 1′ | 4 : 03′02″ △ | 3 : 41′39″ | 3 : 37′36″ (سوۋېت) |
| ئاياللار | 5Km | 22′51″ | | 22′11″01 | 22′45″ (سوۋېت) |
| | 10Km | 45′13″4☆ | | 46′42″6 | 45′13″4 (جۇڭگو) |

ئەسكەرتىش: ☆ دۇنيا رېكورتىنى، △ ئاسىيا رېكورتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ھەركىتى

قىسقا يۈگۈرۈش قەدىمدىن تارتىپ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسى ھەركەت تۈرى بولۇپ كەلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 776- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 1- نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىدا 192.27 مېتىر ئارىلىقتا تۈز يۈگۈرۈش بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ ۋاقىتتا يۈگۈرۈش يولىدا سىزىق يوق ئىدى. پەقەت يۈگۈرۈشكە چىقىش نۇقتىسىغا بىر يېرىم مېتىر چوڭلۇقتىكى تاش قويۇلغان بولۇپ، شۇ تاشقا پۇتىنى تىرەپ، ئۆرە تۇرۇپ يۈگۈرۈشنى باشلىغان. كېيىنچە يۈگۈرۈش نۇقتىسىغا پۇتىنى تىرەش ئورۇنى كولاپ (1887- يىلى) زوڭ ئولتۇرۇپ يۈگۈرۈش بارلىققا كەلدى. 1927- يىلى يۈگۈرۈشكە چىقىش ئەسۋابى ئىجات قىلىندى. ئۇنى 1936- يىلدىكى 11- نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا رەسمى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىندى. 1894- يىلدىكى بىر قېتىملىق خەلقارالىق مۇسابىقىدا 100$m$ غا يۈگۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 2′.11 لىك دۇنيا رېكورتى يارىتىلدى. ھازىر 9″9 غا تەرەققى قىلدى.

1900- يىلى 200$m$ غا يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ 2″ 22 لىك رېكورت يارىتىلدى. ھازىر 82″19 گە تەرەققى قىلدى. 1896- يىلى 400$m$ گە يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، 2″54 لىك نەتىجە يارىتىلدى. ھازىر 86″43گە تەرەققى قىلدى. ئاياللارنىڭ قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى 1928- يىلدىكى 9- نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدىن باشلاندى. ئۇ چاغدىكى 100$m$ رېكورت 2″12 بولۇپ، ھازىر 77″10 گە تەرەققى قىلدى. 1948- يىلى ئاياللارنىڭ 200$m$ غا يۈگۈرۈش تۈرى مۇسابىقە ئىچىگە كىرىپ، 2″24 لىك رېكورت يارىتىلدى. ھازىر 71″21گە تەرەققى قىلدى. 1922- يىلى ئاياللار 400$m$ گە يۈگۈرۈش تۈرى مۇسابىقە ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ″10 1لىك رېكورت يارىتىلدى. ھازىر 99″47گە تەرەققى قىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ھەركىتى ئازاتلىقتىن كېيىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كونا جۇڭگونىڭ 100$m$ غا يۈگۈرۈش بويىچە 7″ 10 لىك رېكورتى 1958 - يىلى بۇزۇپ تاشلانغاندىن باشقىلىرى 1950- يىلىنىڭ باشلىرىدا يېڭىلاندى. 2- جەدۋەل

جەدۋەل 2 . ( قولدا بېسىلغان سائەت )

| تۈرلىرى | [illegible] | ئازاتلىقتىن ئىلگىرى | ئازاتلىقتىن كېيىن |
|---|---|---|---|
| ئەر | 100 | 10 ″7 | 10 ″ |
| ئەر | 200 | 22 ″ | 20 ″8 |
| ئەر | 400 | 50 ″7 | 47 ″3 |
| ئايال | 100 | 13 ″2 | 11 ″5 |
| ئايال | 200 | 27 ″5 | 24 ″2 |

ئېلىمىزنىڭ قىسقا ئارىلىقتا يۈگرەش ھەرىكىتىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى، ھەرىكەت نەتىجىسى داۋاملىق ياخشىلىنىشى شەرت. گەرچە بەزى تۈرلەر نەتىجىسى ئاسىيا، خەلقارادا كۆرۈنگەن بولسىمۇ پەرق يەنىلا چوڭ. 3- جەدۋەل

جەدۋەل 3 . ( ئېلېكترونلۇق سائەت )

| گۇرۇپپا | ھەرىكەت تۈرى | جۇڭگو | دۇنيا |
|---|---|---|---|
| ئەر | 100m | 10″5 | 9″93 |
| ″ | 200m | 21″04 | 19″72 |
| ″ | 400m | 47″30 | 43″86 |
| ئايال | 100m | 11″95 | 10″77 |
| ″ | 200m | 24″41 | 21″71 |
| ″ | 400m | 54″91 | 47″99 |

## 3. كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش ھەرىكىتى

كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. دەسلەپكى بەلگىلىمىدە 20m ئىچىدە كالتەك قوبۇل قىلغۇچى ئورنىدا جىم تۇرۇپ، كالتەكنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈگرەشكە چىقىش يولغا قويۇلغان ئىدى. ھازىرقى ئۇسۇل: كالتەك قوبۇل قىلغۇچى كالتەك ئالمىشىش رايونىنىڭ ئالدىنقى 10m دا تەييارلىق يۈگرەشنى باشلاشقا، كالتەك ئالمىشىش رايونىنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق ئورۇندا كالتەك قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بەلگىلىمە بارلىققا كەلدى.

1912- يىلى 4 × 100m، 4 × 400m، كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش رەسمىي مۇسابىقە تۈرى بولۇپ قوشۇلدى. نەتىجىسى ئايرىم - ئايرىم 42′2 ۋە 7″316 بولدى. ھازىر 03″38، 1″56″2 گە تەرەققىي قىلدى. 1928 - يىلى 4 × 100m كۆچ يۈگرەش مۇسابىقە تۈرىگە قوشۇلدى. نەتىجە 4″48، ھازىرقى نەتىجە 5″42.

1982- يىلى ئاياللار 4 × 400m كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ھازىرقى نەتىجىسى 2″(1″ 3 سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتتى.

كونا جۇڭگودىكى ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدە تاكى 1924- يىلغىچە 880m ، يېرىم ئىنگلىز

مىلى، بىر ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتىكى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. 1924- يىلى 4 × 200m، 4 × 400m كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، 1933- يىلى 4 × 100m كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئەرلەر 4 × 100m، 4 × 400m، ئاياللار 4 × 100m، 4 × 400m ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ 4 × 200m لىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش ھەرىكىتى تولۇق ئېلىپ بېرىلدى. بۇ دوستلۇق، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بەدەننى ئاكتىپ چېنىقتۇرىدىغان كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئايلاندى.

## 4. ئوتتۇرا ئۇزۇن ئارىلىققا يۈگۈرۈش ھەرىكىتى

بۇ ھەرىكەتنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئۇزۇن ئارىلىققا يۈگۈرۈش بويىچە بەسلىشىش ئېلىپ بېرىلغان ئىكەن. ئۇ چاغدىكى ئارىلىق تارىخى خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە: 4.6 Km بولغان. ھازىرقى زامانىدىكى ئوتتۇرا ئۇزۇن ئارىلىققا يۈگۈرۈش دەسلەپ ئەنگلىيىدە باشلانغان بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 1 ۋە 4 ئىنگلىز مىلىدىن 100 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇققا، 1850- يىللىرىغا كەلگەندە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا، 1 ۋە 2 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇققا يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. 1896- يىلى 1- نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئولىمپىك يىغىنىدا، ئەرلەرنىڭ 800m، 1500m گە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. 1912- يىلى 5- نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا، 5000m 10.000m گە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قوشۇلدى.

ئاياللارنىڭ ئوتتۇرا ئۇزۇنلۇققا يۈگۈرۈش ھەرىكىتى كېيىنرەك قوشۇلدى. 1928- يىلى 9- نۆۋەتلىك ئولىمپىكتا 800m گە يۈگۈرۈش (ئارىلىقتا مەلۇم مەزگىل توختاپ قالدى. 1960- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.) 1972- يىلى 20- نۆۋەتلىك ئولىمپىكىدا، 1500m گە يۈگۈرۈش، 3000m گە يۈگۈرۈش بولسا 1977- يىلقى 1- نۆۋەتلىك خەلقئارا لوكقا تاللىنىش يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقە يىغىنىدا قوشۇلدى. ھازىر 5000m—10.000m گە يۈگۈرۈش بويىچە ئايرىم خەلقئارالىق مۇسابىقىلار ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، خەلقئارالىق يېنىك ئاتلېتىكا رېكورتىغا ھېسابلانمىدى.

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئۇزۇن ئارىلىققا يۈگۈرۈش ھەرىكىتى (خەلقئارادا ئومۇملىشىشقا ئەگىشىپ) نەتىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى 1910-، 1924- يىلغىچە 1-5 ئىنگلىز مىلىغا يۈگۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. 1924- يىلىدىن كېيىن ئىنگلىز مىلى بويىچە يۈگۈرۈش بىكار قىلىنىپ، 500m، 800m، 5000m يۈگۈرۈش بارلىققا كەلدى. 1930- يىلى 10.000m قوشۇلدى. ئەمما كونا جۇڭگودا بۇ ھەرىكەتكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن نەتىجە ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، خەلقئارا سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا تۇرىدۇ.

| [illegible] | ھەرىكەت تۈرى | ئازاتلىقتىن ئىلگىرى | ئازاتلىقتىن كېيىن | دۇنيا |
|---|---|---|---|---|
| ئەرلەر | 800 | 2²2 | 1′48″45 | 1′41″73 (ئەنگلىيە) |
| | 1500 | 4′11″1 | 3′44″02 | 3′30″17 ( ″ ) |
| | 3000 | 9′57″3 | 8′11″09 | 7′32″1 (كېنىيە) |
| | 5000 | 16′08″ | 13′51″22 | 13′0″42 (ئەنگلىيە) |
| | 10000 | 32′47″ | 19′0768 | 27′22″5 (كېنىيە) |
| ئاياللار | 800 | | 2′05″07 | 1′53″28 (چېخوسلوۋاكىيە) |
| | 1500 | | 4′19″88 | 3′52″47 (سوۋېت ئىتتىپاقى) |
| | 3000 | | 9′19″59 | 8²26″78 ( ″ ) |

## 5 . بارىيېرلىق ئاتلاپ يۈگرەش ھەرىكىتى

بۇ ــ ئىنساننىڭ توساقتىن ئاتلاش قابىلىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگەرتىلگەن ھەرىكەت شەكلىدۇر. ئۇ ئاۋال ئەنگلىيىدە، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. كىشىلەر دەسلەپ، يەردىكى تەبىئىي توساقلاردىن ئاتلاپ ئۆتكەن. كېيىن يەرگە ئىككى تال ياغاچ كومۇپ، ئۇستىگە بىر تال لىم ياتقۇزۇپ ئاتلاپ ئۆتكەن. بىراق يۇقۇرقى ئىككى خىل توساق ھەرىكەت قىلمايدىغان بولۇپ، تەنھەرىكەتچىلەر پۇتلىشىپلا كەتسە ئاسان زەخىملىنىش كورۇلۇپ تۇرغانلىقىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەرگە كۆمۈلمەيدىغان ھەرىكەتچان ”T“ شەكىللىك توساق ئىجات قىلىنغان.

1860 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بارىيېردىن ئاتلاپ ئۆتۈش يېڭىنىڭ ئاتالمىتىكا تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئارىلىقنى 120م، بارىيېر جازىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى 3.5 چى، بارىيېرلار ئارىلىقىنى 10m قىلىپ بەلگىلىدى. 1890 ـ يىلى خەلقارا تەنتەربىيە تەشكىلى ئېنگلىزچە ئۆلچەمنى مېتىرغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بارىيېردىن ئاتلاپ يۈگرەش ئارىلىقى 110m، بارىيېر جازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.067m ، ئارىلىقى 9.14m بولدى. 1935 ـ يىلى ھازىرقى ”L“ شەكىللىك بارىيېر كەشىپ قىلىندى. 1837 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بارىيېردىن ئاتلاپ يۈگرەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي مۇسابىقە تۈرى قىلىپ بېكىتىلمىگەن. 1836 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا، ئارىلىق 100m تىزىلغان بارىيېر جازىسى 8 تال. بارىيېر ئېگىزلىكى 1m بولغان بارىيېردىن ئاتلاپ يۈگرەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ نەتىجىسى 17″6 بولغان ئىدى. 1900 ـ يىلى 2 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا، بارىيېر ئارىلىقى 110m قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ئاتلاش تېخنىكىسىدا، ئالدىنقى پۇتنى ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈش، تىزلاپ ئۆتۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، نەتىجە بىردىنلا 4″15 كە تەرەققىي قىلغان. ھازىر 93″12گە تەرەققىي قىلدى، 400m



AltunOq

لىق بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش 1888 - يىلى 1 - قېتىم فرانسىيىدە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ بارىر جازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 76.2 سانتىمېتىر بولغان. 1900 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا 400m بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش مۇسابىقە تۈرىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. بارىر جازىسىنىڭ ئېگىزلىكى يەنىلا 76.2 سانتىمېتىر بولدى. 1 - بولغان تەنھەرىكەتچىنىڭ نەتىجىسى 57"6 بولغان. 1904 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا، بارىر جازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 91.4 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەم بىلەن 400m بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش ئېلىپ بېرىلدى. هازىر نەتىجە 47"02 غا تەرەققى قىلدى.

ئاياللارنىڭ بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشى كېيىنرەك باشلاندى.

1932 - يىلى 10 - نۆۋەتلىك ئولىمپىكتا، 80m بارىر، نەتىجە 11"7 بولدى. كېيىن 10"2 غا تەرەققى قىلدى. 1967 - يىلى 80m بارىر ئۇزۇنغا 100m ئارىلىقتىكى بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش بەلگىلەندى. 1980 - يىلى نەتىجە 12"36 گە تەرەققى قىلدى. 1973 - يىلى ئاياللار 400m بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئەرلەر 400m بارىر ئارىلىقى قوللىنىلدى. لېكىن بارىر ئېگىزلىكى 76.22 سانتىمېتىر قىلىپ بېكىتىلدى. دۇنيا هازىرقى رېكورتى 54"02 بولماقتا.

ئېلىمىزدە 1900 - يىللىرى بەزى كىشىلەر بارىردىن ئاتلاش مەشىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1910 - يىللىرى كەلگەندە رەسمىي مۇسابىقە تۈرى بولۇپ قوشۇلدى. 1933 - يىلى ئەرلەر 400m، ئاياللار 80m بارىر مۇسابىقىسى رەسمىي قوشۇلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەش ھەرىكىتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلدى. 1964-،1965 - يىللىرى ئەرلەر 110m، ئاياللار 80m بارىردا ئەر - ئايال 5 نەپەر تەنھەرىكەتچى شۇ يىلقى خەلقارا ئالدىنقى 10 - لەر ئىچىگە كىردى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە نەتىجىدە كۆرۈنەرلىك چېكىنىش يۈز بەردى. نۆۋەتتىكى بارىردىن ئاتلاپ يۈگۈرەشنىڭ ھەر خىل نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

ئەر — 110m — 14"10 — (ئېلېكترونلۇق سائەت)
ئەر — 400m — 50"96 — ( " " )
ئايال — 100m — 13"68 — ( " " )
ئايال — 400m — 58"81 — ( " " )

## 6 . توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرەش ھەرىكىتى

توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرەش يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتى ئىچىدىكى ئۇزۇنغا يۈگۈرەش بىلەن توساقتىن ئۆتۈش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئەرلەر ھەرىكىتى پۈتۈن مۇسابىقە جەريانىدا 28 قېتىم توساقتىن، 7 قېتىم سۇ كۆلچىكىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. (بىر ئايلىنىشتا 4 توساقتىن، 1 سۇ كۆلچىكىدىن ئۆتىدۇ).

1900 - يىلى 2 - قېتىملىق ئولىمپىكدا، توساقتىن ئۆتۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ چاغدا پۈتۈن مۇساپە 2500 m ئىدى. 1908 - يىلى 4 - قېتىملىق ئولىمپىكدا، پۈتۈن مۇساپە 3200m گە ئۆزگەردى. 1920 - يىلى 3000m غا مۇقىملاشتى. تۇنجى قېتىملىق دۇنيا رېكورتى 84"96 خەلقارا يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ، هازىر 4"804 گە تەرەققى قىلدى.

بۇ ھەرىكەت ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئېلىمىزدە قانات يايمىغان. مۇسابىقىمۇ ئۆتكۈزۈلمىگەن، 1956 ـ يىلى ئاندىن ئاتلېتىكا ھەرىكىتى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. تۇنجى نەتىجە 6″953 بولدى. ھازىر 86″839 گە تەرەققىي قىلدى. بەزى دۆلەتلەردە ئۆسمۈرلەرنىڭ 2000m ئارىلىقتىن توساقتىن ئۆتۈپ يۈگرەش (23 قېتىم توساقتىن، 5 قېتىم سۇ كۆلچىكىدىن ئۆتىدۇ) مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## 7 . ئېگىزگە سەكرەش ھەرىكىتى

بۇ تارىخى ئۇزۇن ھەرىكەت. قەدىمقى گىرىتسىيىلىكلەر دۈمبىسىگە تاش يۈدۈپ، ئېگىز سەكرەشتە بەسلىشىش ئېلىپ بارغان. ئەمما ئۇ زامان ئولىمپىك يىغىنىدا، مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمىگەن. 1774 ـ يىللىرى گېرمانىيە مەكتەپلىرىدە ئېگىز سەكرەش مەشىقى ئېلىپ بېرىلغان. كېيىنرەك ئەنگلىيە ئېگىز سەكرەشنى گىمناستىكا مەزمۇنى ئىچىگە قوشۇپ، مۇسابىقە ئېلىپ بارغان. 1827 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك تەنھەرىكەتچى، ئۇدۇلدىن كىرىپ تىزىنى بېقىپ 1.57 m دىن سەكرىگەن. 1864 ـ يىلى ئاتلاپ ئۆتۈش شەكلى ئىجات قىلىنىپ، ئەنگلىيىلىكلەر 1.93m نەتىجە ياراتتى. 1887 ـ يىلى كىرىلىپ ئاتلاپ ئۆتۈش ھەرىكىتى ئىجات قىلىنىپ، ئامېرىكىلىقلار 1.93 دىن سەكرىدى. 1895 ـ يىلى ئامېرىكىلىقلار قايچىلاپ ئاتلاش شەكلى ئارقىلىق 1.95m دىن سەكرىدى . 1912 يىلى ئامېرىكىلىقلار دومىلاپ سەكرەش شەكلى ئارقىلىق 2.01m نەتىجە ياراتتى. 1930 ـ يىلى قۇچاقلاش شەكلى ئارقىلىق 2.07 m نەتىجە ياراتتى.1978ـ يىلى 2.34 غا يەتتى. 1956 ـ يىلى ئارقىچە ئۆتۈش شەكلى بارلىققا كەلدى. 1983ـ يىلى ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىسى جۇ جيەنخۇا 2.38m دىن سەكرەپ دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى.

ئاياللار ئېگىز سەكرىشى 1928 ـ يىلى باشلاندى. كانادالىق ئايال 1.57m سەكرەپ تۇنجى دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى. ھازىر 2.40m غا يەتتى.

ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئېگىز سەكرەش نەتىجىسى (1.87m) ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. (ئاياللارنىڭ 1.40) ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ ھەرىكەت خەلق ئاممىسى، ياش ئۆسمۈرلەر قىزىقىدىغان ھەرىكەت بولۇپ قالدى. 1957 ـ يىلى ۋە 1970 ـ يىلى ئەر ـ ئايال ئېگىزگە سەكرەش رېكورتىنى 2.29(ئەر)، 1.77(ئايال) نەتىجە بىلەن يېڭىلىدى.1956 ـ يىلى بەش ئايال تەنھەرىكەتچى ئېگىز سەكرەش بويىچە دۇنيا 10 ـ لار قاتارىغا ئۆتتى. 1983 ـ يىلى جۇ جيەنخۇا ئىككى قېتىم 2.37 ـ 2.38 نەتىجە بىلەن دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى.

ئېلىمىزنىڭ ئېگىز سەكرەش تېخنىكىسى تېز ئۆستى. مەسىلەن: ئامېرىكا ئەرلىرىنىڭ ئېگىز سەكرەش نەتىجىسى 2m دىن 2.29m غا يېتىش ئۈچۈن 60 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان بولسا، ئېلىمىز ئەرلىرىنىڭ 2.38m گە يېتىش ئۈچۈن 14 يىل ۋاقىت كەتتى.

ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ ئېگىز سەكرىشى 1.47m دىن 1.82m گە يېتىش ئۈچۈن 30 يىل ۋاقىت كەتتى.بىزگە 15 يىل ۋاقىت كەتتى.

## 8 . يىراققا سەكرەش ھەرىكىتى

بۇ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ھەرىكەت. گىرىتسىيىلىكلەر (1.35 ـ 7.70) مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى يۈدۈپ يىراققا سەكرەشنى مەشىق قىلغان.ئۇ زامان ئولىمپىك يىغىنىدا 5 خىل ئومۇمىي ماھا ـ

رەتلىك ھەرىكەت مۇسابىقە تۈرىنىڭ مۇھىم قىسمى قىلىنغان. 1864 ـ يىلى ئەنگلىيىدە كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە نەتىجىسى 5.48m، 1900 ـ يىلى 20cm لىق قاڭقىش تاختىسىغا تېپىپ سەكرەش ئۇسۇلىغا ئالماشتۇرۇلغان. ئەنگلىيىلىك تەنھەرىكەتچى 7.61m نەتىجە بىلەن دۇنيا تۇنجى رېكورتىنى ياراتقان. 1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېچىلىپ سەكرەش پەيدا بولغان. 1931 ـ يىلى ياپون تەنھەرىكەتچىسى نەنبوي 7.98m سەكرەپ دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان. (ئاسىيانىڭ 1 ـ ئادىمى بولغان) 1935 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئاۋېنىس تۆگۈلۈپ سەكرەشنى قوللىنىپ، 8.13m غا سەكرەپ دۇنيا رېكورتى ياراتقان. 1968 ـ يىلى ئامېرىكا تەنھەرىكەتچىسى بىمېيو (نىگىر) ئارىلاشما شەكىل بويىچە 8.90 m غا سەكرەپ دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان.

ياپونىيىلىك دابەن 5.98m نەتىجە بىلەن ئاياللارنىڭ دەسلەپكى دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان. يىراققا سەكرەش 1948 ـ يىلدىكى 10 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا، رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە قوشۇلغان. ھازىر دۇنيا يىراققا سەكرەش رېكورتى 7.27 m دىن ئېشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ يىراققا سەكرەش نەتىجىسى.

| جىنسى | ئازاتلىقتىن بۇرۇن | | ئازاتلىقتىن كېيىن |
|---|---|---|---|
| ئەرلەر | 6•91m | ( 1933 - يىل ) | 8•14m |
| ئاياللار | 5•06m | ( 1935 - يىل ) | 6•44m |

## 9 . ئۈچ تاقلاپ سەكرەش ھەرىكىتى

بۇ ھەرىكەتنىڭ تارىخى كېيىنرەك. بۇ ھەرىكەت 1896 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا مۇسابىقە تۈرىگە قوشۇلدى. ئامېرىكا تەنھەرىكەتچىسى 13.71m بىلەن دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى. تەرەققىيات جەريانىدا، بىرازىلىيە تەنھەرىكەتچىسى ئىلىيوۋىيا (1972 ـ يىلى) 17.89m غا سەكرەپ دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى. (بۇ تەنھەرىكەتچى ئەتراپلىق چېنىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.89cm، ئېغىرلىقى 70kg 100m تېزلىكى 10" 4، يىراققا سەكرەش نەتىجىسى 8.20 m).

بۇ ھەرىكەت ئېلىمىزدە 1914 ـ يىلى 10 خىل ماھارەتلىك ھەرىكەت قاتارىغا قوشۇلغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى نەتىجە 14.36m بولسا، ئازاتلىقتىن كېيىن 17.34 m غا يەتتى.

## 10 . ياغاچ تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش ھەرىكىتى

بۇ ھەرىكەت ـ قەدىمقى ياغاچ تايىنىپ ئېگىز سەكرەش ھەرىكىتىدىن ئۆزگەرگەن. قەدىمقى زامان كىشىلىرى ياغاچ ياكى، بامبۇك بادرىسىغا تايىنىپ، ئۇستەڭ ـ جىلغىلاردىن ئاتلاپ ئۆتكەن. ھەربى قوشۇنلاردا ياغاچ تايىنىپ، ئۇرۇش توساقلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش مەشىق قىلدۇرۇلغان. ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېرمانىيە مەكتەپلىرى بۇ ھەرىكەتنى تەنتەربىيە دەرسلىكى ئىـ XIX

چېگە كىرگۈزۈلگەن. XIX ئەسىردە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە بۇ ھەركەتنىڭ مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، (1817 ـ يىلى) 2.92$m$ لىق رېكورت بارلىققا كەلگەن. بۇ چاغدا تايىنىش ياغىچىنىڭ ئۇچىغا ئىشتىك (نەيزە ئۇچى) بېكىتىپ يەرگە سانجىپ، ياغاچقا تايىنىپ ئېسىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ توغرا بالداقتىن ئۆتۈش قوللىنىلغان. 1889 ـ يىلى قولنى ئالماشتۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەش چەكلەندى. 1906 ـ يىلى ياردەمچى يۈگرەپ بەدىنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈش ھەركىتى قوللىنىلىپ 3.78$m$ لىق رېكورت يارىتىلدى. 1909 ـ يىلى بامبۇك بادرىسى قوللىنىلدى. 1912 ـ يىلى 4.02$m$ لىق رېكورت يارىتىلدى. 1924 ـ يىلى ياغاچ ئورەكتىن پايدىلىنىش قوللىنىلدى.1942 ـ يىلى 4.77$m$ لىق رېكورت يارىتىلدى. 1930 ـ يىلى مېتال بادرا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1961 ـ يىلى 4.83$m$ لىق رېكورت يارىتىلدى 1948 ـ يىلى خېمىيىلىك نىلۇڭ بادرا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇنى خەلقارا يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى 1962 ـ يىلدىن باشلاپ رەسمىي قوللىنىشنى ماقۇللىدى.

1960 ـ يىلى خېمىيىلىك كۆلچەك باسالدى. شۇنىڭ بىلەن ياغاچ تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش ھەركىتى تېز راۋاجلاندى. ھازىرقى دۇنيا رېكورتى 5.78$m$ غا يەتتى.

ئېلىمىزنىڭ بۇ ھەركەت بويىچە تۇنجى رېكورتى (1911 ـ يىلى) 2.75$m$ ـ 4.015$m$ بولۇپ ئازاتلىقتىن كېيىنكىسى 4.58$m$.

## 11 . چۆيۈن توپ ئېتىش ھەركىتى

قەدىمقى تەنھەركەت يىغىنلىرىدا چۆيۈن توپ ئېتىش مۇسابىقە تۈرى بولمىغان. 1340 ـ يىلدىن كېيىن چۆيۈن توپ ئېتىش مۇسابىقە تۈرى مەيدانغا كەلگەن. ئەسكەرلەر زەمبىرەكنىڭ يومىلاق شار ئوقلىرىنى، يومىلاق تاشلارنى ئېتىشتا بەسلەشكەن. شارسىمان ئوقنىڭ ئېغىرلىقى 16 جىڭ بولغان. كېيىنرەك مېتالدىن 7.257 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى يومىلاق شارسىمان توپ ياساپ، ئېتىش مەشىقى ۋە مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلغان. 1975 ـ يىلى چۆيۈن توپنىڭ ئېغىرلىقى 7.260 كىلوگىرام قىلىپ بېكىتىلىپ، ئەرلەرنىڭ ئېتىش ئۆلچىمى قىلىندى. بۇ خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان تەنھەركەت خىلى. ئۇ دەسلەپ، بەدەن ئېغىرلىقىنى ئاساس قىلىپ ئېتىش، كېيىن ياردەمچى يۈگرەپ كېلىپ ئېتىش، مەلۇم دائىرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئېتىش، ئاخىرىدا، دىئامېتىرى 2.135$m$ لىق چەمبەر ئىچىدە ئېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى ۋە توپ چۈشۈرۈش بۇلۇڭ گىرادۇسى بەلگىلەندى. (دەسلەپ 90 گىرادۇس 45، 60، ھازىر 40 گىرادۇسلۇق يەلپۈگۈچسىمان توپ چۈشۈرۈش كېلىپ چىققان) چۆيۈن توپ ئېتىش تېخنىكىسىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلدى. دەسلەپ ئىككى قولنى ئالماشتۇرۇپ ئېتىش، نەتىجىدە ھەر ئىككى قولدا ئېتىلغان چۆيۈن توپ ئارىلىقىنى قوشۇپ خۇلاسە چىقىرىش يولغا قويۇلدى.

XIX ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئەنگلىيىلىكلەر بۇ ھەركەتنى يېنىك ئاتلېتىكا ھەركىتىنىڭ بىر تۈرى قىلىپ قوشقان ئىدى. 1886 ـ يىلى 10.62$m$ لىق تۇنجى رېكورت بارلىققا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي باشقا دۆلەتلەردىمۇ چۆيۈن توپ ئېتىش مەشىقى ئېلىپ بېرىلدى. 1896 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىكتا 11.22 $m$ لىق نەتىجە يارىتىلىپ بۇ ھەركەت رەسمىي مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاياللارنىڭ چۆيۈن توپ ئېتىش مۇسابىقىسى 1948 ـ يىلى 10 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىكدا باشلاندى. (نەتىجە 13.75$m$)

1953 ـ يىلى ئامېرىكا تەنھەركەتچىسى ئارقىغا يۈز ئۆرۈلدۈرۈپ ئېتىش شەكلىنى قوللىنىپ،

18m دىن ھالقىپ ئۆتتى. كېيىن ئامېرىكىلىق ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شۇ خىل ئېتىش شەكلى ئارقىلىق (1960 - يىل) 21.78m قا يەتكۈزدى. ھازىرقى دۇنيا رېكورتى 22.22m ، ئاياللارنىڭ 22.55m بولۇپ، ھەر ئىككى يۇقۇرى رېكورتى دېموكراتىك گېرمانىيە تەنھەركەتچىلىرى قولىغا كەلتۈرگەن.

ئېلىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئەرلەر رېكورتى 13.26m ، ئاياللار (8 جىڭلىق) 10.97m ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن (ھازىر) ئەرلەر 17.77m، ئاياللار 18.15m غا يەتتى.

## 12 . دېسكا ئېتىش ھەركىتى

بۇ قېدىمقى تەنھەركەت خىلى بولۇپ، قەدىمدىلا مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ چاغدا ياپىلاق تاشنى يۇمىلاق تاش سۇپا ئۈستىدە ئاتاتتى. دېسكا ئېغىرلىغى 1.245 كىلوگىرامدىن 5.705 كىلوگىرامغىچە ئىدى. 1896 - يىلى بۇ ھازىرقى زامان ئولىمپىك مۇسابىقە تۈرىگە رەسمى كىرگۈزۈلدى. (شۇ چاغدىكى نەتىجە 29.13m بولۇپ دېسكا ئېغىرلىغى مەلۇم ئەمەس) 1928 - يىلى ئاياللارنىڭ دېسكا ئېتىش ھەركىتى مۇسابىقە تۈرىگە قوشۇلۇپ، نەتىجە 39.62 m بولدى. ھازىر ئەرلەر 2 كىلوگىرام، ئاياللار بىر كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى دېسكا ئىشلىتىدۇ.

تېخنىكا - ئورنىدا تۇرۇپ ئېتىشتىن، يانچە قەدەم ئېلىپ ئېتىش، يانچە ئايلىنىپ ئېتىشقا تەرەققى قىلدى. 1952 - يىلى ئارقىچە ئايلىنىپ ئېتىش بارلىققا كېلىپ 57.04m غا يەتكۈزۈلدى. ھازىر ئەرلەرنىڭ 71.16m ، ئاياللارنىڭ 71.80 m گە يەتتى.

ئېلىمىز 1914 - يىلى بۇ ھەركەتنى مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى نەتىجە ئەرلەرنىڭ 42.15m ، ئاياللارنىڭ 30.05m ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن (1954 - يىلى) ئەرلەر 42.28m، ئاياللار (1953 - يىلى ) 36.44 m غا يەتتى. ھازىرقى يۇقۇرى رېكورتى ئەرلەرنىڭ 60m ، ئاياللارنىڭ 61.80 m غا يەتتى.

## 13 - نەيزە ئېتىش ھەركىتى

نەيزە ئېتىش قېدىمقى تەنھەركەت تۈرى بولۇپ، بۇ تۈر بويىچە قەدىمقى زامان ئولىمپىك مۇسابىقە يىغىنلىرىدا رەسمى مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ چاغدىكى نەيزە ئېتىش بىر تال ياغاچنىڭ ئۇچىغا تاش تېڭىپ يىراقتىكى نىشانغا توغرا ئېتىش تەلەپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. مىلادىنىڭ 1886 - يىلى ئىسكاندىناۋىيە ئارىلىدىكى دۆلەتلەر نەيزە ئېتىش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇ يىلدىكى مۇسابىقىدا شىۋىتسىيە ماھىرى 35.81 مېتىر نەتىجە بىلەن تۇنجى قېتىم ئەرلەر نەيزە ئېتىش رېكورتىنى ياراتتى. 1906 - يىلغا كەلگەندە ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىنىڭ مۇسابىقە تۈرى قاتارىغا رەسمى قوشۇلدى. ئاياللارنىڭ نەيزە ئېتىشى 1932 - يىلىدىكى 10 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك يىغىنىدا مۇسابىقە تۈرى بولۇپ قوشۇلدى. شۇ قېتىملىق يىغىندا ئامېرىكىلىق ماھىر 43.68 مېتىرغا ئېتىپ دۇنيا چېمپىيونى بولدى.

ھازىر ئەرلەر 800 گىرام، ئاياللار 600 گىرام ئېغىرلىقتىكى ئۆلچەملىك نەيزە ئاتىدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نەيزە ئېتىش تېخنىكىسىدا كۆپ قېتىم يېڭىلىنىشلار بولدى. مەسىلەن: مۆرە ئاستىدا ئېتىش مۆرە ئۈستىدە ئېلىپ ئېتىشقا، ئورنىدا تۇرۇپ ئېتىش ياردەمچى يۈگرەپ ئېتىشقا،



AltunOq

قەدىقى تۇتۇش زامانىۋى تۇتۇشقا، سەكرەپ قەدەم ئېلىش بىلەن ئارقىغا پۇت قايچىلاشتۇرۇش ئالدىغا پۇت قايچىلاشتۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى. نەيزە ئېتىش تۈرى بىرىنچى نەتىجىنى بارغانسېرى ئۆسۈپ باردى. هازىر ئەرلەر رېكورتى 99.76 مېتىرغا، ئاياللار رېكورتى 74.20 مېتىرغا يەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ نەيزە ئېتىش نەتىجىسى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى تۆۋەن بولۇپ، ئەرلەرنىڭ 53.85 مېتىر، ئاياللارنىڭ 32.29 مېتىر بولغان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئومۇمىي تۈرلەر قاتارىدا بۇ ھەرىكەتتە زور ئۆسۈش بولدى. هازىر دۆلەت رېكورتى ئەرلەرنىڭ 89.14 مېتىرغا، ئاياللارنىڭ 61 مېتىرغا يەتتى.

## 14. گىرانات ئېتىش ھەرىكىتى

گىرانات ئېتىش دۆلىتىمىزدە بەدەننى چېنىقتۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىگە تەييارلىنىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت شەكلىدۇر. ئۇ، 1953- يىلى مەملىكەت ئىچىدە رەسمىي مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ چاغدىكى دۆلەت رېكورتى ئەرلەرنىڭ 87.36 (700 گىراملىق گىرانات) مېتىر، ئاياللارنىڭ 68.04 (500 گىراملىق گىرانات) مېتىرغا يەتكەن. كېيىنچە مەملىكەتلىك چوڭ كۆلەملىك مۇسابىقە تۈرىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

## 15. زەنجىرلىك توپ ئېتىش ھەرىكىتى

زەنجىرلىك توپ ئېتىش يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتى ئىچىدىكى ئىشلەش تېخنىكىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان بىر ھەرىكەت تۈرىدۇر. ئۇ بازغاننى يىراققا ئېتىش مۇسابىقە ئويۇنىدىن بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىلا نورۋېگىيىدىكى تۆمۈرچىلەر ۋە كان ئىشچىلىرى ئارىسىدا ياغاچ ساپلىق بازغاننى يىراققا ئېتىپ بەسلىشىش ئىشلىرى بولغان. كېيىنچە نورۋېگىيە بىلەن ئېرلاندىيە ئىشچىلىرى ۋە تائىلىق رايونلاردىكى ئاھالىلار ئارىسىدا بۇ خىل مۇسابىقە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ خىل ئويۇننى تۇنجى قېتىم مۇسابىقە تۈرى قاتارىغا قوشتى. بەش قېتىم ئايلىنىپ خالىغان نىشانغا ئېتىش، ئاتقۇچىنىڭ ئالدىنقى پۇتىدىن سايەن چۈشكەن جايغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ نەتىجە چىقىرىش زەنجىرلىك توپ ئېتىش ئۇسۇلى قىلىپ بەلگىلەنگەن. تۇنجى نەتىجىنى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 1873- يىلى يارىتقان بولۇپ، 36.56 مېتىرغا ئېتىلغان. كېيىنكى يىلى نەتىجە 42.05 مېتىرغا يەتكەن. ئۇ چاغدىكى سايەننىڭ سېپى ئۇزۇن، توپى قوغۇشۇن ئىدى. شۇندىن ئېتىۋارەن توپى يۇمىلاق، ياغاچ سېپى تۆمۈر زەنجىر قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. توپىنىڭ ئېغىرلىقى 7.257 كىلوگىرام قىلىپ بەلگىلەندى.

1887- يىلى زەنجىرلىك توپىنىڭ پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 1.22 مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. هازىر ئېغىرلىقى 7.260 كىلوگىرام، ئۇزۇنلۇقى 1.1715—1.21.5 غا يەتتى. 1900- يىلى 2- نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا زەنجىرلىك توپ رەسمىي مۇسابىقە تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەم 2.35 مېتىر دىيامېتىرلىق يەلپۈگۈچ شەكىللىك مەيدانغا چۈشۈرۈش بەلگىلەندى. كېيىن سايەن چۈشۈش مەيدانى قايتا-قايتا 60، 45، 40 گىرادۇس قىلىپ بېكىتىلدى. هازىر 40 گىرادۇس بولۇۋاتىدۇ.

زەنجىرلىك توپ ئېتىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ بارماقتا. ھازىر تۆت ئايلىنىپ ئېتىش بارلىققا كەلدى. ھازىرقى دۇنيا رېكورتى 80 مېتىردىن ئېشىپ كەتتى.

كونا جۇڭگودا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ خىل ھەركەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1910- يىلى 1- نۆۋەتلىك تەنھەركەت يىغىنىدا زەنجىرلىك توپ ئېتىش مۇسابىقىغە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن توپنىڭ ئېغىرلىقى 12 باڭ. نەتىجىسى ئاران 33.64 مېتىر بولغان. توپنىڭ ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە لايىق بولمىغانلىقتىن رەسمىي رېكورت ھېسابلانمىغان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن باشقا تۈرلەر قاتارىدا زەنجىرلىك توپ ئېتىش ھەركىتىمۇ راۋاجلاندى. يوقتىن بارلىققا كەلدى. 1954- يىلى 1- قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن زەنجىرلىك توپ ئېتىش مۇسابىقىسىدا ياش ماھىرلار 29.92 مېتىرلىق نەتىجە ياراتتى. 1959- يىلى بىر سەكرەپ 57.42 مېتىرغا ئۆستى. ھازىرقى دۆلەت رېكورتى 70 مېتىرغا يېقىنلاشتى.

## 16. ئومۇمىي ماھارەتلىك ھەركەت

ئومۇمىي ماھارەتلىك ھەركەت — يۈگرەش، سەكرەش، ئېتىش ھەركەت تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ھەركەتتۇر.

قەدىمقى ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقە يىغىنلىرىدا ئەرلەرنىڭ بەش خىل ماھارەتلىك ھەركىتى بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ يۈگرەش (192.77مېتىر). سەكرەش، نەيزە ئېتىش، دىسكا ئېتىش ۋە جولى قاتارلىق ھەركەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇ ۋاقىتتىكى مۇسابىقە ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، كىم كۆپ ھەركەتتە ئۇتۇۋالسا شۇ چېمپىيون بولغان. ئۇ چاغدىكى بەش خىل ھەركەت چېمپىيونلىرى ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. 1904- يىلى 3- نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىدا 10 خىل ھەركەت مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە، چۆيۈن توپ، ئېگىز سەكرەش، 880 مېڭىش، زەنجىرلىك توپ ئېتىش، ياغاچ تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش ، 120 مېڭىش، ئېغىر توپ (56 باڭ) ئېتىش، يىراققا سەكرەش، بىر ئېنگلىز مىلى يۈگۈرۈش بويىچە تەشكىللەنگەن. مۇسابىقە بىر كۈن داۋام قىلغان.

1912- يىلدىكى 5- نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىدا ھازىرقى بەش خىل، 10 خىل ھەركەت مەزمۇنى بېكىتىلدى. شۇ قېتىمدا 5 خىل، 10 خىل دۇنيا چېمپىيونلىقىنى ئامېرىكىلىق ھىندىئان مىللىتىدىن بولغان ماھىرلار قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن ئامېرىكا ئېرقچىلىرى ئۇلارنىڭ چېمپىيونلىقىنى بىكار قىلىپ (مۇكاپاتىنى بەرمىگەن). مۇسابىقىدە 2- بولغان ئاق تەنلىكلەرگە تارتىپ ئېلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، 5 خىل ھەركەتمۇ ئەمەلدىن قالغان. ئاياللارنىڭ 5 خىل ھەركىتى 1934- يىلى باشلاندى. بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. 1964- يىلى 18- قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىدا ئاياللارنىڭ ھازىرقى 5 خىل ماھارەتلىك ھەركىتى مۇسابىقە قىلىندى. ئارىدا بىر-ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىلىپ 1981- يىلى خەلقارا يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ ھازىرقى 7 خىل ماھارەتلىك ھەركىتىنى تەستىقلاپ ئېلان قىلدى. ئۇ 100 مېتىر ، چۆيۈن توپ ئېتىش ، ئېگىزگە سەكرەش (200 مېتىر)، يىراققا سەكرەش، نەيزە ئېتىش، 800 مېتىر يۈگرەش قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. ھازىر دۇنيا رېكورتى ئەرلەر

10 خىلىنىڭ 8744 نومۇر: ئاياللار 7 خىل ماھارەتلىك ھەرىكەت رېكورتى بولسا 7726 نومۇرغا يەتتى.

كونا جۇڭگونىڭ ئومۇمى ماھارەتلىك ھەرىكەت نەتىجىسى باشقا ھەرىكەتلەرگە ئوخشاشلا بەكمۇ تۆۋەن بولۇپ، كونا نومۇر ھېساپلاش ئۇسۇلى بويىچە ئەرلەر 10 خىلى 5326 نومۇر، ئاياللار 5 خىلى ئاران 2760 نومۇر بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ ئەتراپلىق بەدەن چېنىقتۇرۇش قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ھەرىكەت نەتىجىسىدىمۇ زور يۈكسىلىش بولدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ 3 خىل، 5 خىل ھەرىكىتى تەسىس قىلىندى. ھازىر ئەرلەر 10 خىلى رېكورتى 7554 نومۇرغا، ئاياللارنىڭ 7 خىل ھەرىكەت رېكورتى 5666 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمى ماھارەتلىك ھەرىكەتنى ئۆگىنىدىغان ۋە مەشىق قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژورنىلى
1984 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 15 ـ سان)

喀什师院学报（维文版）

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

تىراژى: — 1500

AltunOq